
2
2010
MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE
MIRAS
美拉斯
ميراس
مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال
ISSN 1004-3829

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇستاز مۇھەررىر، داڭلىق ژۇرنالىست، شائىر ئابلىمىت سادىق ئەپەندى





قوش ئايلىق ژۇرنال      2010 - يىل 2 - سان

(ئومۇمي 118 - سان)



**چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار**

شىنجاڭغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ۋە يول باشلىغۇچىلار ..........
........................................ ھەبىبۇللا خەلىۋۇللا (1)

**ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا**

رەھبەرلەر قانچە تېز ئالمىشىپ تۇرسا، شۇنچە ياخشى بولىدىكەن ......
........................ مۇھەممەدئىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى (12)

ئېتىقاد ۋە شەخسىي مەنپەئەت ........ زۇلفىيە ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى (31)

**مەردنى مەيداندا سىنا**

چىن تۆمۈر باتۇر ۋە سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا چاپلانغان بۆھتان ... ياسىنجان ياقۇپ (14)

**مىراسلىرىمىز**

خەلق سەنئەتكارلىرىنى قوغداش غەيرىي ئاغزاكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى ... ئەخمەتجان ئىگەمبەردى (21)

**ئۈنچىلەر تىزمىسى**

دەفتەرى چىنگىزنامە ............... تەييارلىغۇچى: ئارسلان ئابدۇللا (24)

**ئادەت قىرىماس**

دەريا بويىلىقلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ......... مەتسەئىدى مەتقاسىم (33)

**ئايدىڭ كېچىلەر**

يارىم خۇما كۆز ............... تەييارلىغۇچى: خەپىز ساتتار سالىھ (47)

**ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى**

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە ئورنى ... ئىسمائىل سەمەت (50)





باش مۇھەررىر:
**ۋاھىتجان غوپۇر**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزە تۇيغۇن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


«غۇلجا دوپپىسى» ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ... ئابلىمىت ئابدۇراخمان (61)

«خەمسە نەۋايى»دىكى ئىشق- مۇھەببەت قارىشى ...... ئالىيە ئىزىز (67)

**مېۋىلىرىمىز**

پەيزاۋات قوغۇنى .............................. ئابدۇكېرىم تۇردى (55)

**يىلتىزىمىز**

ئۇيغۇرلاردىكى نەسەبشۇناسلىق ............ ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان (58)

**كۈلكە — جان ئوزۇقى**

يۇمۇرلار ........................... مەريەمگۈل قۇربان تەرجىمىسى (65)

**ئادەم قۇلاقتىن سەمىرەر**

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2002- يىلىدىن 2005- يىلىغىچە بولغان ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ........................ تۈزگۈچى: نۇرنىسا باقى (71)


**تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ**

**كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تېلىۋالدى**

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

ئالدى بىلەن سىزگە نورۇزلۇق سالام يوللايمىز! نورۇز بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! ئۆي ئىچىڭىز بەرىكەتلىك، ئىشلىرىڭىز نېمەتلىك، توپا ئالسىڭىز ئالتۇن، كۆل ئالسىڭىز كۆمۈش بولغاي! سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010 - يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھۇزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن - يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

بەت ئاستىدىكى ماقال - تەمسىللەرنى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكولتېتى ئوقۇغۇچىسى **مەنسۇرجان تۇرسۇن** توپلىغان.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدىكى رەسىمنى **ئەسقەر تۇردى** سىزغان.

مۇقاۋا رەسىمنى **«غەربىي دىيار ئۇسلۇبى گالېرىيسى»** تەمىنلىگەن.

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى **ئابلىز ئابدۇللا، غازى ئەمەت، جاپپار مۇھەممەتلەر** تەمىنلىگەن. بەزى سۈرەتلەر **«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»**دىن ئېلىندى.


Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


总编：
**瓦依提江·吾甫尔**
副总编：
**穆合塔尔·穆罕默德**
（法人代表）
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再·吐依贡**
本期责人编辑：
**胡尔仙阿依·买买提明**

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E_mail**：mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



ھەبىبۇللا خەلىۋۇللا

# شىنجاڭغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ۋە يول باشلىغۇچىلار

19-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى چەت ئەل كاپىتالىزمىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر قورال كۈچى بىلەن جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا تەسلىم بولۇپ، ئۇلار بىلەن نۇرغۇنلىغان تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىدىكى قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

«نەنجىڭ شەرتنامىسى»، «ۋاڭشيا شەرتنامىسى»، «تيەنجىن شەرتنامىسى»، «سىمونوسكى شەرتنامىسى»، «شىنچۇ شەرتنامىسى» قاتارلىق شەرتنامىلەردە بەلگىلەنگەن يەر بۆلۈپ بېرىش، ھەرقايسى سودا ئېغىزلىرىدا كونسۇلخانا قۇرۇش، ھەرقايسى جايلاردا ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ مەڭگۈ ئولتۇراقلىشىشقا رۇخسەت قىلىش، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىچكى رايونلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىشىغا، سودا قىلىشىغا، دىن تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىش قاتارلىق بىر قاتار مەزمۇنلار جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تاجاۋۇزچىلىقىنى كۈچەيتتى. جۇڭگو دەرۋازىسىنىڭ چەت ئەللەرگە كەڭ ئېچىۋېتىلىشى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەۋەككۈلچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ نۇرغۇن چەت ئەللىك تەۋەككۈلچى ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەر شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق زېمىنغا قەدەم باستى. ئۇلار تارىخ، ئارخېئولوگىيە، مىللەتشۇناسلىق، زوئولوگىيە، جۇغراپىيە، ھاۋارايى، ھەربىي ئىشلار، ئېتنوگرافىيە، قاتناش، ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت جەھەتلەردە تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، مول ماتېرىياللارنى توپلىدى ۋە ئېلان قىلدى. بۇ ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ مەقسەت-مۇددىئالىرى ھەر خىل ئىدى. بەزىلەر ئۆز ئەللىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەربىي ئاخبارات توپلاش مەقسىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كەلگەن بولسا، بەزىلەر ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن كەلگەنىدى.

تۆۋەندە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە ھەرخىل مەقسەت ۋە ۋەزىپىلەر بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.

1. **چوقان ۋەلىخانوف** ( 1865 ــ 1835)، رۇسىيىلىك. 1858- يىلى ئۇ چاررۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كىرىپ 1859- يىلىغىچە نۇرغۇن مول ئاخباراتلارنى توپلىغان ھەم نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قىممەتلىك قول يازمىلارنى ئوغرىلاپ كەتكەن. ئۇ بۇلارنى ئۆزىنىڭ «تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى» (1859ــ 1858) دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن.

2. **جونسون** (johnson) ئەنگلىيەلىك، ئۇ 1867- يىلى خوتەنگە كېلىپ، قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى تەكشۈرگەن. بىر قەدىمكى ئىزدىن چاي ئەۋرىشكىسى ئېلىپ كەتكەن.

3. **خايۋارد** (Hayward) ئەنگلىيەلىك، ئۇ 1968- يىلى شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەر، يەكەن، كۇچا، خوتەن، ئونسۇ قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

4. **روبېرت شاۋ** (Robrer shaw)، ئۇ 1868 ـ يىلدىن 1874 ـ يىلغىچە شىنجاڭغا ئۈچ قېتىم كېلىپ خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى يىغقۇالغان.



5. **پېرژېۋالىسكى** (Perjevalski ) (1888 ــ 1839) رۇسىيىلىك. ئۇ 1870- يىلدىن 1885-يىلغىچە شىنجاڭغا ئۈچ قېتىم كەلگەن. لوپنۇر، كېرىيە، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇنلىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىپ توپلىغان. دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەشھۇر « لوپنۇرغا سەپەر» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان.

6. **بېرزېنس** (Berzenezy) ۋېنگرىيەلىك. ئۇ 1975- يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەر ۋە يەكەنلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

7. **فورىس** (Forsyth) ئەنگلىيەلىك. ئۇ 1869 ـ يىلدىن 1974 ـ يىلغىچە قەشقەرگە ئىككى قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. يول بويى قاغىلىق، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا مەخسۇس تەكشۈرۈشتە بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى قەدىمكى پۇللار ۋە ھەرخىل يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلارنى يىغقۇالغان.

8. **كۇروپاتكىن** (Kuropatkin) (1925 ــ 1848) رۇسىيەلىك، 1876 ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. قەشقەردىكى تەكشۈرۈش داۋامىدا توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى مەزمۇن قىلغان «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان.

9. **ۋىكنىس** (Wiknes) رۇسىيەلىك. ئۇ 1870 ـ يىلى ئا. ن. كۇروپاتكىن باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەر، قاراشەھەر، باغراش كۆلى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

10. **بوۋېر** (Bower) ئەنگلىيەلىك. ئۇ 1889- يىلى بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ بۇ جەرياندا يەكەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن كۆپ مىقداردىكى بىراخمى ۋە سانسكرىت يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى ۋە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ھۆججەتلەرنى يىغقۇالغان. ھازىر «بوۋېر قول يازمىسى» نامىدا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بودلىيان كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

11. **گېرنارد** (Gernard) فرانسىيەلىك. 1893- يىلدىن 1894 ـ يىلغىچە شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەر، خوتەن، كېرىيە، نىيە، چەرچەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان قەدىمكى قول يازما ۋە ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغقۇالغان ھەمدە ئاسترونومىيەلىك كۆز قاراش ئارقىلىق خوتەننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنى ئۆلچەپ بېكىتىپ، قاراقۇ-



رۇم تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىمالىي داۋىنىنىڭ يانتۇلۇق گىرادۇسىنى ئۆلچىگەن.

12. **سېۋېن ھېدىن** (Seven Hedin) (1952 — 1865) شۋېتسىيەلىك. جۇغراپىيون، ئارخېئولوگ، مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇ 1893 - يىلدىن 1935 - يىلىغىچە شىنجاڭغا جەمئىي تۆت قېتىم كېلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ جەريانىدا كروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسى قاتارلىق بىر قانچە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى تاپقاندىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇ توپلىغان ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار 1937 - يىلدىن باشلاپ نېمىس، فىرانسۇز، ئىنگلىز تىللىرىدا 55 توم كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان.

13. **ستەيىن** ( Aurel Stein ) (1943ـ 1862) ئەنگلىيەلىك. 1900 - يىلدىن 1916 - يىلىغىچە شىنجاڭغا ئۈچ قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ جەريانىدا خوتەن، قەشقەر، لوپنۇر كۆلى، تۇرپان، كروران قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ پۇللىرى، بىراخما يېزىقى، سوغدى يېزىقى قاتارلىق قەدىمكى يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ فراگمېنتلىرىنى، ھەيكەللەرنى، يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى، ھۈنەر -



سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن ھەمدە بۇ توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

14. **ئوتانى** (Otani) (1948 — 1876) ياپونىيەلىك. ئۇ 1902 - يىلدىن 1914 - يىلغىچە ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەر، خوتەن، ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كەتكەن.



15. **گرۈنۋېدېل** (Grunwedel) (1935 — 1856) گېرمانىيەلىك. ئۇ 1902 - يىلى 11 - ئايدىن 1903 - يىلى 5 - ئايغىچە تۇرپاندا مەركەزلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇنلىغان قەدىمكى پۈتۈكلەر ۋە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. 1905 - يىلى 12 - ئايدا قەشقەر، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى ھۆججەتلەرنى ئېلىپ كەتكەن.



16. **لىكوك** (Von lecoq) (1930 — 1860) گېرمانىيەلىك. ئۇ 1904ـ يىلدىن 1914 - يىلىغىچە شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەر، تۇرپان، كۇچا، قومۇل قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ جەريانىدا بىر قىسىم قەدىمكى خارابىلەرنى قېزىپ تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن ماتېرىياللارغا ئىگە بولغان ھەم « جۇڭگو شىنجاڭدا كۆمۈلۈپ ياتقان گۆھەرلەر» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان.

17. **پېللىئوت** (Pelliot ) (1945 — 1878) فىرانسىيەلىك. ئۇ 1906 - يىلدىن 1909 - يىلىغىچە شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەر، تۇرپان، كۇچا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.



18. **ئولدېنبۇرگ** (Oldenburg) (1934 — 1863) رۇسىيەلىك. ئۇ 1909 - يىلدىن 1914 - يىلىغىچە شىنجاڭغا ئىككى قېتىم كېلىپ خوتەن، قەشقەر، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن قەدىمكى ۋەسىقەلەر، تارشا پۈتۈكلەر، رەسىم، ئويما نەقىش بۇيۇملىرى قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى رۇسىيەگە ئېلىپ كەتكەن.

19. **خانتىڭتون** (Hantington) ئامېرىكىلىق. ئۇ 1905ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىپ خوتەن، چاقىلىق، قاراشەھەر، تۇرپان، لوپنۇر قاتارلىق جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. تارىم



MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋە خوتەن رايونلىرىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە قېزىش ئېلىپ بېرىپ 50 ساندۇقتىن كۆپرەك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئەۋرىشكىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن، ئۇ دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «ئاسىيانىڭ جان تومۇرى» دېگەن كىتابنى يازغان.

20. **خوگبېرگ** (Hogberg) شۋېتسىيەلىك. ئۇ 1892ـ يىلى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەنلەردە قۇرۇلغان خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىدىغان پونكىتلاردا دىن تارقاتقان. «ئىنجىل»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. 1897 ـ يىلى خوتەندىكى يوتقان (Yotqan) خارابىسىگە بېرىپ، 33 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كەتكەن.

21. **گۇننار ياررىڭ** (Gunnar Albert Yarring) (2002 — 1907) شۋېتسىيەلىك. ئۇ 1929ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1930 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيەسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان «ئوردا مازىرى»نى تەكشۈرگەن ۋە قوشۇمچە خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىيال»، «ئوغرى يوق شەھەر»، «قەشقەر قول يازمىلىرى» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىگە دائىر تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان. مەشھۇر «قەشقەرگە قايتا سەپەر» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.



22. **تاچىبانا زىيچو** (1968 — 1890) ياپونىيەلىك. ئۇ 1907 ـ يىلدىن 1909 ـ يىلغىچە شىنجاڭغا كېلىپ خوتەن، چەرچەن، يەكەن، قەشقەر، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن ھەمدە «شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيەسى»، «يېڭى غەرب ئەللەر سەپىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان.

23. **فولك بېرگمان** (Folke Bergman) (1946ـ 1903) شۋېتسىيەلىك. ئۇ 1927 ـ يىلدىن 1935 ـ يىلغىچە شىنجاڭغا كېلىپ قومۇل، خوتەن، قەشقەر، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم قەبرىلەرنى ئاچقان. مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى سوي‌ۇپ 50 ساندۇققا قاچىلاپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى داۋامىدا يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشىپ، ئۇلار بىلەن نۇرغۇن كۇنلەرنى بىرگە ئۆتكۈزدى ھەمدە ئۇلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولدى، بۇ جەرياندا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئۇلارغا يول باشلىغۇچى بولدى.

1. **كۇنچىققانبەگ**: كۇنچىققانبەگ ھەققىدە رۇس ئېكسپېدىتسىيەچى پىرژىۋالسكى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن ئادەم بولۇپ، جاھانساي دەرياسى (بۇ دەريا چاقلىق ناھىيەسىدە بولۇپ، غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ كىتابلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بۇ نام مىرەن دەرياسىنىڭ بىر بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ) بويىدا تۇغۇلغان. 1885 ـ يىلى 73 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، سالامەت ھەم بەردەم ئىكەن. ئۇ ئۆز يۇقىرىغا خۇددى ئاتا بالىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈندىكەن، قولىدا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى ھاجەتمەنلەردىن ئايىمايدىكەن، ئۇ ئاقساقال بولسىمۇ، غورىگۇل تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن»① . 1899 ـ يىلدىن 1901 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلگىچە سېۋېن ھېدىن ئىككىنچى قېتىم لوپنۇر ۋادىسىغا قەدەم باسىدۇ ھەمدە لوپنۇر كۆلى ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. بىراق بۇ ۋاقىتتا لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، تىرىك تارىخچىسى كۇنچىققانبەگ 1898 ـ يىلى 88 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن.②

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۇنچىققانبەگ 1812ـيىلى چارقىلىق ناھىيەسىنىڭ جاھانساي دەرياسى بويىدا تۇغۇلۇپ، 1898 ـ يىلى كونا ئابدالدا قازا تاپقان. ئۇ 1868 ـ يىلدىن 1898 ـ يىلغىچە جەمئىي 20 يىل لوپ رايونىنىڭ ئاقساقىلى بولغان. سېۋېن ھېدىن لوپنۇرغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا كۇنچىققانبەگ سېۋېن ھېدىننى لوپنۇر رايونىنىڭ بىر ئەسىردىن بۇيانقى ئۆزگىرىش ئەھۋالى بىلەن تەمىنلىگەن. كۇنچىققانبەگ بولغانلىقى ئۈچۈن سېۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇرغا قىلغان سەپىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشقان. ئۇ پىرژىۋالسكى، سېۋېن ھېدىن قاتارلىق لوپنۇرغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنى مول ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ ۋە ئۇلارغا يول باشلاپ، ئۇلارنىڭ

2010.2

ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە زور نەتىجىلەرنى قازىنىپ دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر شەخسلەرگە ئايلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

2. ئۆردەك: فولك بېرگماننىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» دېگەن كىتابىدا: «دوكتور سېۋېن ھېدىن 1934-يىلى ئاپرېل كورلىنىڭ كۆنچى كەنتى (كۆنچى كەنتى — كۆنچى دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لوپنۇر ناھىيە بازىرى ئەتراپى كۆنچى دەپ ئاتالغان) دىن يولغا چىقىپ، كۆنچى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ داۋاملاشقان قىسمى قۇم دەرياسىنى بويلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. سەپەر جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ كونا يول باشچىسى ئۆردەكنى تاپقان. بۇ ئادەم ئۇيغۇر بولۇپ، شۇ چاغدا 73 ياشقا كىرگەن. ئۇ ئىككى ئەسىر ئالماشقان دەسلەپكى مەزگىللەردە سېۋېن ھېدىن ئۈچۈن بىر نەچچە يىل خىزمەت قىلغان»③ دېگەن بايانلار بار. بۇنىڭدا 1934-يىلى 72ياشقا كىرگەن دەپ يېزىلغانىغا قارىغاندا ئۆردەك 1862-يىلى تۇغۇلغان. سېۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ «كۆچمە كۆل» دېگەن كىتابىغا 72 ياشلىق ئۆردەكنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ قالدۇرغان، ئۆردەكنىڭ تۇغۇلغان جايى ۋە ۋاپات بولغان جايى ھەققىدە بىرقانچە خىل قاراشلار بار.

1-خىل قاراش: ئابلا سايىت ۋە خۇجاڭجۇلارنىڭ تەكشۈرۈشى بولۇپ، بۇ ماتېرىيال «باينغولىن تارىخي ماتېرىياللىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە توپلىمىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، ئۆردەك چىدالىق (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 2-دىۋىزىيە 31-پولك دائىرىسىدە) بولۇپ، 1944-يىلى ۋاپات بولغان. قەبرىسى چارادىكى كورلا-چاقىلىق تاشيولىنىڭ بويىدا ئىكەن. بۇ ھەقتە فولكلورشۇناس مويىدىن سايىت «كىروراننى كىم تاپقان؟» («كىروران» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 4-سانى) دېگەن ماقالىسىدە يېزىلىشىچە، ئۆردەك ئەينى دەۋردە ئۆردەك ئالتۇن دەپ ئاتالغان بولۇپ، 1860-يىلى كونا چارادىكى تۆمۈركۆل-تۆمۈر دادا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بوۋىسى ئۇماق ئۆتەڭ ئەسلي شىڭدىڭلىق بولۇپ، كونا چاراغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ماھىر ئىزچى، قوشاقچى ئىكەن.

2-خىل قاراش: ياڭ نيەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى لوپلۇق» ناملىق كىتابىدا كۆنچىقانبەگ بىلەن ئۆردەك قاتارلىق تارىخي شەخسلەر توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشلىرىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەلۇماتىچە، ئۆردەكنىڭ قەدىناس دوستى نىيازنىڭ يۈز نەچچە ياشلىق ئوغۇللىرى ئوسمان ۋە ياسىنىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆردەك ئەسلي كونا ئابدال (بۇ جاي قۇم چاپقان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، 1898-يىلى ۋەيران بولغان) لىق بولۇپ، يېڭى ئابدال (شىرگە چاپقان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا كۆچمەن ئازغان تەرەپلەرگە كەتكەن، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئىسمى سادىق ئىكەن، ئىنىسىنىڭ ئىسمى پەلەي ئىكەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى يېڭىسۇ ۋە ئازغان ئەتراپلىرىدا ئۆتكۈزۈپ، شۇ ئەتراپتا قازا قىلغان. سېۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ «كۆچمە كۆل» دېگەن كىتابىدا: «1899-يىلى 11-ئايدىن باشلاپ، ئۆردەك ماڭا يول باشلىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى، ئۇ ماڭا ئەگىشىپ يېڭى كۆلدىن چەرچەن تاتىراڭغىچە بولغان تەكلىماكانىنى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىمگە قاتناشقان ئىدى. 1900-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى ئۆردەك تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ توساتتىن كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى بايقىغان ئىدى ۋە مېنى ئويلاپ باقمىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن تەمىنلىگەنىدى. 1901-يىلى تىبەت ئېگىزلىكىدە لاساغا قىلغان سەپىرىمگە يول باشلاپ ماڭغانىدى. مەن 1901-يىلى 12-ئاينىڭ 28-كۈنى قەشقەردە يول باشلىغۇچۇم ئۆردەك بىلەن خوشلاشقانىدىم. ئۇ مېنىڭ مەركىزي ئاسىياغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىمدىكى ئەڭ يېقىن بۇرادىرىم ئىدى»④ دەپ يازغان. سېۋېن ھېدىننىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۆردەك سېۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئۇنى چەرچەن، ئاتمىش بۇلاق (ئاتمىش بۇلاق — كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىگە ۋە لوپنۇر كۆلىگە يېقىن بولغان بۇلاق بار جاينىڭ نامىدىن ئىبارەت) ئەتراپلىرى، قاراقوشۇن كۆلى بويلىرىغىچە باشلاپ بارغان، كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى بايقاپ، 20-ئەسىرنىڭ باش سەھىپىسىگە زور بايقاش بولۇپ يېزىلىپ، سېۋېن ھېدىنگە ئىلىم-پەن دۇنياسىدا، بولۇپمۇ تارىخ، ئېكسپېدىتسىيە ساھەسى بويىچە شۆھرەت تاجىنى كىيدۈرگەن. فولك بېرگماننىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى» دېگەن كىتابىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان ياڭ لىيەننىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئۆردەك يەنە فولك بېرگماننىمۇ يول باشلىغۇچى بولغان ھەمدە ئۇنىڭغا «مىڭلىغان جەسەت ساندۇقى بار» دۆڭلۈكنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچكىممۇ بايقىمىغان قەدىمي ئىز ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن، شۇنداقلا ئۇ تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە يول باشلاپ، بىر قىسىم چارۋىچىلارنىڭ ياردىمىدە ھېلىقى قەب-

www.uyghurkitap.com



رىستانلىقنى ئىزدەپ تاپقان. ياڭ لىەن بۇ توغرىسىدا: «ئەگەر ئاشۇ ئۆردەك تاپقان قەدىمكى قەبرىستانلىق بايقالمىغان بولسا، بېرگمان ۋە غەربىي شىمال تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەنىڭ شان ـ شۆھرىتىگە بەلكىم نۇقسان يەتكەن بولاتتى» ⑤دېگەن.

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆردەك قۇملۇقتىكى يوللارنى بەش قولدەك پىششىق بىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرگە يول باشلاپ، دۇنيا ۋە شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان.



3. **ئابدۇرېھىم:** سىۋېن ھېدىن خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « 1900 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دۇرال (Dural) كەنتىنىڭ شىمالىدىكى بىر ئورمانلىقتا سىنگېر (Singer) دەپ ئاتالغان جايدىن كەلگەن ئابدۇرېھىمنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. ئۇ بۇ يەرگە يوقلاپ كەلگەنىكەن. پۈتۈن شىنجاڭدا پەقەت ئىككى ـ ئۈچ ئوۋچىلا ئاتمىشبۇلاقنى بىلىدىغان بولۇپ، ئابدۇرېھىم ئۇلارنىڭ بىرى ئىدى. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ رۇسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى كوزلوفقا يول باشلاپ بۇ يەرگە كەلگەن. ئابدۇرېھىم ۋە ئىنىسى بىزگە يول باشلاپ ئاتمىشبۇلاققا بېرىشقا قوشۇلدى، مەنمۇ ئۇنىڭ تۆگىسنى يالالاپ ئىشلىتىشنى قارار قىلدىم» ⑥. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە فولك بېرگمان ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: « 1928 ـ يىلى سېنتەبىردە قايتىپ بارغان چېغىمدا، ئابدۇرېھىم ماڭا بىر بىرونزا كۆرگۈنى سۇنۇپ ئۆزىنىڭ كونا خوجايىنى دوكتور سىۋېن ھېدىنگە قىلغان سوۋغىتىم بولسۇن دەپ بەردى. ئابدۇرېھىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇ كۆرگۈنى ستەيىن قېزىش ئېلىپ بارغان قەبرىنىڭ ئەتراپىدىن تاپقان ئىكەن. بۇ كۆرگۈ خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ بۇ جايدا تېپىلىشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇ مۇشۇ يەردە تېپىلغان يىل دەۋرىنى بېكىتىشكە بولىدىغان ئاز ساندىكى بۇيۇملارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.»، «ھىندى دەرياسىنىڭ غەربىدىكى قىيالىق ئۈستىدە مەھەللىنىڭ جەنۇبىغا يىراق بولمىغان جايدا ئابدۇرېھىم مېنى بىر تاش ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى، ھەتتا مۇشۇ تاش ئۈستىگە قۇرۇلغان قەبرىنىمۇ ئابدۇرېھىم ‹تاش ئۆي› دەپ ئاتىغانىدى»⑦.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇرېھىم شىنگىرلىك ئوۋچى بولۇپ، شىنگىر چۆللەشكەندىن كېيىن سىنىدىغا كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇ شىنگىر مەھەللىسىدىن تاكى لوپ كۆلى بويىلىرىغىچە بولغان دائىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان ئوۋچى بولۇپ، ئۇ رۇسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيەچى كوزلوف، شۋېتسىيەلىك سىۋېن ھېدىن، فولك بېرگمان، ئەنگلىيەلىك ستەيىن قاتارلىقلارغا يول باشلىغان ھەمدە ئۇلارنى مۇشۇ ئەتراپنىڭ يەر ناملىرى ۋە تۈزۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، قەدىمكى خارابىلەر ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىلىم ئەھلىگە ئايان بولۇشىغا كۈچ چىقارغان، ئۇ چاقلىق تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان تارىخىي شەخستۇر.

4. **تۇردى:** ستەيىن ئۆزىنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» ناملىق كىتابىدا: « بىز خوتەندە تۇرۇپ قالغان بۇ قىسقىغىنە بىر ھەپتە ئىچىدە قۇملۇقتىكى قەدىمىي خارابىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن كىچىك ئەترەتمۇ نەتىجە بىلەن قايتىپ كەلدى، بۇ ئەترەت تۇردىنىڭ باشچىلىقىدا يولغا چىققانىدى. تۇردى يۇرۇڭقاش بازىرىدىن كەلگەن، سەل ياشانغان، تەجرىبىسى مول، ئىشەنچلىك (گۆھەر ئىزدىگۈچىلەردىن) ئىدى. ئۇ كىشى ئەينى ۋاقىتتا مەشھۇر دەندەن ئۆيلۈككە بارغانىكەن. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن بۇيۇملار ئارىسىدىكى ھىندىستاننىڭ بىراخمى يېزىقى بار تام رەسمى، بۇددىستلارنىڭ ئېتىقادىغا سىمۋول قىلىنغان قاپارتما نەقىش پارچىلىرى مېنى بەك رازى قىلدى. 1900 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بىر داۋان ئېشىپ ئۆتكەندىن كېيىن تۇردى بىزنى ھېلىقى سۇ بار يەرگە باشلاپ كەلدى. يەنە ئالدىمىزغا ئىككى مىل ماڭغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىنىڭ قالدۇق تاملىرى ئارىسىدا كۆردۈم. بۇ قاقاس مۇھىت تۇردىغا نىسبەتەن خۇددى ئۆز ئۆيىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ جىمجىت خارابە بىلەن ناھايىتى پىششىق تونۇشاتتى. ئۇ يەنە بۇ يەردىكى بارلىق ھاياتلىق ئىزنالىرىغا ناھايىتى قىزىقاتتى. ئۇ مېنى بۇ تاشلاندۇق خارابىگە ئېلىپ كەلگەن ۋاقىتتا، مەن ئۇنىڭ تەكشۈرۈشتە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى سورىغىنىمدا بۇ ئۇياتچان بوۋاي بارغانسېرى تېتىكلىشىپ كەتتى، ئۇ سۆزلەۋېتىپ بۇ خارابە ۋە قۇم دۆڭلىرىنىڭ كۆپ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتى. شۇڭا ئالدى بىلەن

بۇ خارابىنى قېزىش ناھايىتى مۇھىم ئىدى. تۇردىنىڭ مۇنداق ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە ۋە يەر شەكلىنى پىششىق بىلىشتەك تالانتىغا رەھمەت ئېيتتىم. ئۇ ھېچقانداق قىينالمايلا بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. خوتەنگە قىلغان سەپىرىمنىڭ تۆتىنچى كۈنى چۆللۈكنىڭ بويىدا سوزۇلۇپ ياتقان سامپۇلنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى خاڭگۇيا (Hanguya) يېزىسىنىڭ يېنىدىكى پارچە- پۇرات نەرسىلەر چېچىلىپ ياتقان كەڭرى يەرنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ يەر تۇردى ماڭا ئېيتقاندەك ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان، يەر مەيدانى بىر نەچچە كۋادرات مىل كېلىدىغان (قەدىمكى شەھەر) ئىدى. ئۇنىڭ توغرا يول باشلاپ بەرگىنىگە تەشەككۇر.

مەن خارابىلىكنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بۇ بۇددا مۇنار خارابىسىنى ئاسانلا تاپتىم. تۇردى مېنى يەنە غەربىي جەنۇبتىن 5 . 1مىل كېلىدىغان جايدىكى بىر دۆڭگە باشلاپ كەلدى. قېزىش خىزمىتىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر قەدىمىي ئىبادەتخانا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى»⑧ دەپ يازغانىدى. يەنە پېتىر خوپكېرنىڭ «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «ستەيىن مىلاد بايرىمى كۈنىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نۇرغۇن بايلىقلارغا ئېرىشىدۇ. جۇڭگو يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلىشى شۇلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كۈنى تۇردى بولمىغان بولسا، ستەيىننىڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق تەۋەككۈلچىلىكى تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى»⑨.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇردى بوۋاي لوپ ناھىيەسىنىڭ يۇرۇڭقاش يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان، قەيەردە ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتلار يوق. ئۇ خوتەن بوستانلىقىنى پىششىق بىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشھۇر دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىگە بېرىپ ئۇ يەردىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ستەيىنگە بەرگەن. تۇردى بوۋاينىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ ستەيىننى بۇرۇن كۆرگەن نۇرغۇن خارابىلەرگە باشلاپ بارغان. دېمەك، تۇردى بوۋاي ستەيىنگە ناھايىتى سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىلىرى ۋە شۇ يەرلەر توغرىسىدىكى كونكرېت بىلىملىرىگە تايىنىپ ستەيىننىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلىشىشىغا ھەمدە قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ ۋە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ دۇنيا ئىلىم ئەھلىگە ئايان بولۇشىدا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشقان.

5 . ئىبراھىم: ستەيىن ئۆزىنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: « 1901 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سەھەردە، ئىبراھىم بىر يىل بۇرۇن كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنى تاپقان خارابىلىككە يېتىپ كەلدىم. چېدىردىن شەرققە قاراپ بىر مىل ئەتراپىدا ماڭغاندىن كېيىن، ئىبراھىم باشلاپ بارماقچى بولغان خارابىلىكنى كۆردۈم. ئۇ شامالدا يېمىرىلىپ كەتكەن ئۆيمان يەردە گويا بىر كىچىك دۆڭدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. دۆڭگە چىقىۋاتقىنىمدا خارابىلىكنى چىرىپ كەتكەن ياغاچلارنىڭ يادنامىسى بولغان ياغاچ پارچىلىرى ئارىسىدىن خەت يېزىلغان ئۈچ پارچە تارشا پۈتۈك تېپىۋالدىم. دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن تام ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئۆينىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن تارشا پۈتۈكلەرنىڭ چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆردۈم. ئىبراھىم ماڭا ئۆزى قىممىتىگە سەل قارىغان قەدىمكى تارشا پۈتۈكلەرنى كولاپ چىققان جاينى كۆرسەتتى» ⑩.

بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق بايانلار بار: «مەن چىرىدا بىر يول باشلىغۇچىغا ئېھتىياجلىق بولغىنىمدا كىشىلەر ئىبراھىم بەگ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئىلگىرى ستەيىنگە يول باشلاپ نۇرغۇن خارابىلەرگە ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ پاكار بويلۇق، تەكەببۇر كىشى بولۇپ، قىزىقارلىق چىرايى ئىرېلاندىيەلىكلەرگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. مەن ئىبراھىمنى ئۆزۈمگە يول باشلىغۇچى قىلدىم، بىز بوستانلىق دائىرىدىكى نەچچە كۋادرات كىلومېتىر ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاقساي دەريا (ئاقساي دەرياسى ـــ خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيەسىدىكى بىر دەريانىڭ نامى) خارابىسى ئەتراپىدىكى تۆت يەردىن كىچىك كەنت خارابىسىنى بايقىدۇق. بۇ ئارقىلىق دامكولىقلارنىڭ ئىلگىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بايقىدۇق» ⑪.

ستەيىننىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئىبراھىم نىيەلىك بولۇپ، قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇ ئەنگلىيەلىك ستەيىن ۋە ئامېرىكىلىق ئېرسۇۋست خانتىڭتونلارغا يول باشلىغۇچى بولغان. ئۇ ستەيىننى داڭلىق نىيە خارابىسىگە باشلاپ بېرىپ، نىيە خارابىسىنىڭ ستەيىننىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىشىغا ئۇيغۇر دېھقان ئىبراھىم مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ھەمدە ئۇ خانتىڭتوننىڭ شۇ يەرلىك

www.uyghurkitap.com



كىشىلەر (دامكولىقلار)نىڭ ئەجدادلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەشكە ياردەم قىلىپ، دۇنيا دىنشۇناسلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

6. ئىبراھىم موللا: تارىخىمىزدا ئىبراھىم ئىسىملىك شەخستىن بىر نەچچىسى ئۆتكەن بولۇپ، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىبراھىمدىن باشقا يەنە بىر ئىبراھىم موللا توغرىسىدا ئازراق ئۇچۇرلار بار. ئۇمۇ چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنى بىر قىسىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن. ستەيىن ئۆزىنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: « 1900 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 39 ـ كۈنى يوتقان (يوتقان ـ خوتەن شەھرىنىڭ تەخمىنەن ئون كىلومېتىر غەربىدىكى باغچى يېزىسىنىڭ بىر كەنتى)دىن ئايرىلىپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتىم. شۇ كۈنى يۈز بېشى بىلەن خوشلىشىپ يوتقاندىكى چوڭقۇر جىلغىنى بويلاپ غەرب تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. كەنتتىن ئايرىلىپ ئىككى مىل ماڭغاندىن كېيىن ھالالباغ (ھالالباغ ـــ خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەخمىنەن 3 . 6 كىلومېتىر شەرقىدىكى تۇساللا يېزىسىنىڭ بىر كەنتىنىڭ نامى) دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدىم. بۇ مەن يەنە بىر قېتىم ئۇچراتقان كۆپلىگەن قىشلاقلارنىڭ توپلاشقان گەۋدىسى بولۇپ، ئۇنى ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمران بىرلەشتۈرگەن دەيدىغان رىۋايەت بار ئىدى. بۇ يەردە ئىسلامبەگ بىلىملىكلىكى ۋە ئىخلاسمەنلىكى بىلەن داڭق چىقارغان ئىبراھىم موللىنى ماڭا تونۇشتۇردى. ئۇنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا، ئۇ ئاللىقاچان 86 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا زېرەك ئىدى. ئۇ بەستىگە يارىشىملىق يىپەك كىيىم كىيگەن، كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئاسانلا يېقىنلاشقىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى. گەرچە ئۇ قۇرئان ئوقۇپ، مۇقەددەس جايلارنى تاۋاپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق دىندىن خالىي گۈزەل تۇرمۇشنى يەنىلا چۈشىنەتتى. ئىبراھىم موللا خوتەندىكى داڭلىق مازارلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى تولۇق بىلەتتى، كېيىن ئۇ ماڭا بۇ لارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرسەتتى. ئاخىرىدا ئۇ غەيرىي دىن مۇرىتلىرى خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ھالالباغدا قالغان چىنماچىن شەھرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، رىۋايەتتە بۇنىڭ خوتەندىكى غەيرىي دىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەھرى دەپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى»⑫. ستەيىننىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا ئىبراھىم موللا 1814 ـ يىلى ئەتراپىدا خوتەن ناھىيەسىنىڭ تۇساللا يېزىسى ھالالباغ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ بىلىملىك، ئىخلاسمەن زات بولۇپ، ستەيىننى خوتەندىكى داڭلىق چىنماچىن شەھەر خارابىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇ يەرلەرگە باشلاپ بېرىپ بۇ مازارلارنىڭ دۇنيا ئىلىم ئەھلىگە ئايان بولۇشىغا تۆھپە قوشقان.

7. ئابدۇللا: ئېرسۇۋست خانتىڭتون ئۆزىنىڭ «ئاسىيانىڭ جان تومۇرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «نىيەدە مەن يەرلىك ئەمەلدارغا ئۆزۈمنىڭ قۇملۇقتىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى ئىزدىمەكچى بولغانلىقىمنى ئېيتىشىم بىلەنلا، ئۇ دەرھال كېرىيەدىن ئابدۇللانى تېپىپ بەردى. ئۇ تەجرىبىگە مول بايلىق ئىزدىگۈچى بولۇپ مېنى باشلاپ ئاتلىق 100 مىل ماڭغاندىن كېيىن، شىمالدىن نەچچە مىل كېلىدىغان جايدىكى ئىمام جاپپار سادىق مازىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. نىيە دەرياسى ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ يەردە يوقاپ كېتەتتى. ئۇ مېنى باشلاپ بۇ خارابىلىكنى زىيارەت قىلدۇردى. بۇ غەرىبلىكلەر ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغان يەر ئىدى. بۇ مازاردا تۆنجى ئائىلىنى ئۇچراتتۇق، ئۇ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ مۇقەددەس جاي بولۇپ، نىيە دەرياسى ئەڭ ئاخىرىدا بۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتەتتى»⑬. يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئابدۇللا كېرىيەلىك بولۇپ، قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار يوق. ئۇ ئامېرىكىلىق خانتىڭتونغا يول باشلىغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىسىگە تايىنىپ، چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنى داڭلىق مازارلارغا ۋە خارابىلەرگە باشلاپ ئاپىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇ يەرلەر توغرىسىدىكى تەپسىلىي ۋە توغرا مەلۇماتلارنى قالدۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن.

8. توختى ئاخۇن: فولك بېرگمان ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: « 1928 ـ يىلى سىنتەبىر ستەيىن قېزىش ئېلىپ بارغان ھېلىقى خارابىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، مىرەن (مىرەن ـــ چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ شەرقىدىن 75 كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان)دە قىسقا مۇددەت زىيارەتتە بولدۇم. ماڭا يول باشلاپ بەرگەن مىرەنلىك كىشى توختى ئاخۇن بۇرۇن ئابدالدا تۇرغان. ئۇ بۇرۇن سىۋېن ھېدىن بىلەن ستەيىننىڭ ساداقەتلىك خىزمەتچىسى بولغان. ئۇ ماڭا ئالتۇن رەڭ مارجاندىن بىرنى ۋە خەنزۇچە تاش پۈتۈكتىن بىرنى بەرگەنىدى. بۇ نەرسىلەر ستەيىن كەتكەندىن كېيىن مىرەن قورغىنىدا بايقالغان. توختى ئاخۇن ستەيىن بۇ رايوندا ئۆزلۈل ـ كېسىل ئاخ-

تۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق قېزىش ئېلىپ بارماسلىقنى ئۇيلاشقىنىمنى ئۇقۇپ ماڭا شىمالراق جايدا بىر قەبرە بارلىقىنى دېدى ھەمدە ئۇ جايغا باشلاپ باردى»⑭.

يۇقىرىقى بايانلاردىن ھەمدە غالىب بارات ئەركىنىڭ «كىرورانىنىڭ سىرى» دېگەن كىتابىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا توختى ئاخۇن لوپنۇرلۇقلارنىڭ سەردارى كۆنچىققانبەگنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، 1870 ـ يىللار ئەتراپىدا كونا ئابدالدا تۇغۇلغان. كېيىن بۇ يەرلەر چۆللەشكەندىن كېيىن 1914 ـ يىللار ئەتراپىدا مىرەنگە كۆچۈپ كەتكەن. توختى ئاخۇن قارا قوشۇن ئەتراپىدىكى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاخۇنى بولۇپ ئېكسپېدىتسىيەچىلەرگە يول باشلىغۇچى بولغان. ئۇ شېۋىتسىيەلىك سېۋېن ھېدىنىنىڭ 1900 ـ يىلدىكى، ئەنگلىيەلىك ستەيىنىنىڭ 1906 ـ يىلدىكى ۋە 1914 ـ يىلدىكى، فولك بېرگماننىڭ 1928 ـ يىلدىكى ئېكسپېدىتسىيە ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ھەمدە ئۇلارنى مۇناسىۋەتلىك ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنلەپ خارابىلەرگە باشلاپ بارغان.

9. ئەخمەت مەرگەن ۋە قاسىمئاخۇن: ستەيىن ئۆزىنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «مەن تەكشۈرۈش نەتىجىسنى پەن دارىنغا دوكلات قىلدىم. ئۇ تەۋەككۇل بېگىگە دوكتور سېۋېن ھېدىنگە يول باشلىغان ئىككى ئوۋچىنى ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. 1900 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بەگ ئەۋەتكەن ئىككى ئوۋچى ئەخمەت مەرگەن ۋە قاسىمئاخۇن كەلدى. بۇ ئىككى ئوۋچىدىن بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئىگىلىمەكچى بولۇپ، ئەترەت مەسئۇلى بار يەردە ئۇلارنىڭ بەزى مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنى سورىدىم. ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ راستىنلا دەندەن ئۆيلۈك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، شۇنداقلا تۇردى ئېرىشكەن بۇيۇملارمۇ ئۇ يەرنىڭ سىستېمىلىق قېزىش ـ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەڭ مۇۋاپىق جاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق بولغاندا بۇ خارابىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ پىلانىنى خاتىرجەم تۈزسەم بولاتتى. 1900 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چېدىرىمنى شىمال تەرەپتىن ئالتە مىل كېلىدىغان جايدىكى ئاتىبېشى كەنتىنىڭ تۇرالغۇسىغا يۆتكەپ كەلدىم. مەن ئاتىبېشىدا قىلماقچى بولغان خىزمىتىم ئۈچۈن 30 نەپەر مەدىكار تەشكىللىدىم. لېكىن خۇراپىيلارچە قورقۇش كەيپىياتى ھەم سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن ئۇلارنىڭ قۇملۇققا كىرىشى تەبىئىي بولماي مەجبۇرىي ئاساستا بولدى. ھېلىمۇ ياخشى تەۋەككۇلچى ئىككى ئوۋچى ئۇلارغا مەدەت بەردى. خوتەندىن تارتىپلا ئىككى ئوۋچى ماڭا يول باشلىغۇچى بولغانىدى. كېيىن مەن ئۇلارنىڭ ئىشلەمچىلەرنى باشقۇرۇش ئىشىنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇلار ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك بولۇپ، قاقاس قۇملۇق ئىچىدىكى جاپالىق سەرسان تۇرمۇشنى ئادەتتىكى ئىش دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپ بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەتتە كىشىلەرنى بېسىپ چۈشەتتى، ئۇلار بۇ پەسىلدە سەپەر قىلغاندا قۇم ـ بورانىنىڭ خەتىرىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى، يەنە تومۇز ئىسسىقتا چاڭقاپ قاغجىراپ كېتىشتەك جاپالارنىڭ بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەمچىلەرنى قايىل قىلىشقا تىرىشتى»⑮.

ستەيىنىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئەخمەت مەرگەن بىلەن قاسىمئاخۇن خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدىن بولۇپ، سېۋېن ھېدىن ۋە ستەيىنلەرگە يول باشلىغۇچى بولغان، ئەمما ئۇلارنىڭ قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. ئۇلار كۈچلۈك تەشكىللەش ۋە سەپەرۋەر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلار قۇملۇقنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى پىششىق بىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداپ چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرگە يول باشلاپ ئۇلارنى خوتەن بوستانلىقلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بىلەن تەمىنلىگەن.

10. ئىسلامباي: لى جۇن، دېڭ مياۋلارنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنى كەزگەن ئېكسپېدىتسىيەچى — سېۋېن ھېدىن» دېگەن كىتابىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، ئىسلامباي مەكىتلىك بولۇپ، سېۋېن ھېدىنغا يول باشلىغۇچى بولغان. ئىسلامباي سېۋېن ھېدىننى 1896 ـ يىل 23 ـ يانۋار ئارخېئولوگلار تا ھازىرغىچە بىر بېرىپ ئۆز كارامىتىنى كۆرستىش كويىدا كۆز تىكىپ كېلىۋاتقان خارابىلىك — دەندەن ئۆيلۈك (ئۇيغۇرچە مەنىسى «پىل چىشى ئۆيى») گە باشلاپ بارغان. ئۇ يەنە سېۋېن ھېدىننى كېرىيە ناھىيەسى دەريا بويى يېزىسىغا جايلاشقان قارادۆڭ خارابىسىگە باشلاپ بارغان.

11. روزى: ستەيىنىنىڭ «تەكلىماكاندىن ئۆتكەندە» دېگەن كىتابىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، روزى پېشقەدەم يول باشلىغۇچى تۇردىنىڭ ئوغلى بولۇپ، لوپ ناھىيەسىنىڭ يۇرۇڭقاش بازىرىدىن ئىكەن، روزى ستەيىنىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قاتنىشىپ، ستەيىننى قارا يانتاق خارابىسىگە باشلاپ بارغان.

www.uyghurkitap.com



12 . **پاپباي:** لى جۇن، دىلى مياۋلارنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنى كەزگەن ئېكسپېدىتسىيەچى — سېۋېن ھېدىن» دېگەن كىتابىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، پاپباي قەشقەرلىك بولۇپ، شۋېتسىيەلىك سېۋېن ھېدىن ۋە فىرانسىيەلىك گېرنارد ۋە دۇترۇئېل (Dutruel) قاتارلىقلارغا يول باشلىغۇچى بولغان ھەمدە ئۇلارنى «توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى» ۋە «تۇمشۇق بۇددىزىم ئىزى» قاتارلىق جايلارغا باشلاپ بارغان.

13 . **موللا شاھ ۋە مۇھەممەد شاھ:** ستەيىننىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» دېگەن كىتابىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، مۇھەممەد شاھ موللا شاھنىڭ شاگىرتى بولۇپ، كېرىيە ناھىيەسى دەريا بويى يېزىسىدىن ئىكەن، ئۇ تەجرىبىلىك پادىچى بولۇپ، ستەيىننى قارا دۆڭ خارابىسىگە باشلاپ بارغان.

14 . **مۇسا ھاجى:** ستەيىننىڭ «تەكلىماكاندىن ئۆتكەندە» دېگەن كىتابىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، مۇسا ھاجى قارا شەھەر ناھىيەسىنىڭ تازكەن كەنتىدىن بولۇپ، ئەنگلىيەلىك ستەيىن، شۋېتسىيەلىك سېۋېن ھېدىنلارغا يول باشلىغۇچى بولغان.

15 . **ئابدۇرېھىم:** ئېرسۋوست خانتىڭتوننىڭ «ئاسىيانىڭ جان تومۇرى» دېگەن كىتابىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، ئابدۇرېھىم نىيە ناھىيەسىدىن بولۇپ، ئامېرىكىلىق خانتىڭتونغا يول باشلىغۇچى بولغان.

16 . **ئابباس:** ستەيىننىڭ «تەكلىماكاندىن ئۆتكەندە» دېگەن كىتابىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، ئابباس قاراقاش ناھىيەسىدىن بولۇپ، ستەيىنگە يول باشلاپ، ئۇنى ماياكلىق (Mayakliq) قۇم دۆۋىسى خارابىسىگە باشلاپ بارغان.

17 . **بەكرى:** پېتىر خوپكىرنىڭ «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» دېگەن كىتابىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، بەكرى قەشقەرلىك بولۇپ، ترانسپورت ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئىسلام دىنى مۇخلىسى ئىدى. ئۇ سېۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قاتنىشىپ، ئۇنى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا باشلاپ ئاپىرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارغا يول باشلىغۇچى بولغان، ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن شۋېتسىيە پادىشاھى بەكرىگە ئالتۇن مېدال سوۋغا قىلغان.

بۇ ئۇيغۇر يول باشلىغۇچىلار ئەينى ۋاقىتتا تەكلىماكاندىكى غايىب بولغان شەھەرلەرگە كىرگەن چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى شەھەرلەرگە شۇنچىلىك قىزىقىدىغانلىقىنى، ئىسلىشىپ كەتكەن ھەر خىل يېزىقتىكى قول يازمىلارنى توپلايدىغانلىقى ھەمدە ساندۇق - ساندۇق «ئەسكى - تۈسكىلەر» نى تۆگىلەرگە ئارتىپ يىراقتىكى ئەللەرگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتى. ئەينى دەۋردىكى ناچار مۇھىت، بۇرۇقتۇرما كەيپىيات، ئۆزگەرمەس تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ھايات ئىنتىلىشلىرىگە بولغان قىزىقىشلىرىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلار مىللىي ئاڭدىن، يىراقنى كۆرەرلىكتىن، پايدا - زىياننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغانىدى. ئۇلار بايقالمىغان، تاشلىنىپ كەتكەن، كىشىلەر تەرىپىدىن قىممىتى يوق دەپ قارالغان خارابىلەر ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بايقىغانلار. مەن تۆۋەندە بىر قانچە چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى چاغدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ قانداقلىقى بايان قىلىنغان قىسىملىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن:

سېۋېن ھېدىن خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ قىلچىمۇ قىممىتى يوق نەرسىلەر ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئويۇنچۇق ئورنىدا بالىلارغا بېرىۋېتەتتى»[16]. گېرمانىيەلىك لىكوك قوچۇ قەدىمكى شەھىرىگە كېلىپ تامدىكى رەسىملەرنىڭ ئامان قالمىغانلىقىنى بايقىغان. مۇسۇلمانلار بۇ رەسىملەردىن نەپرەتلەنگەنلىكتىن ئۇنى بايقىغان ھامان نابۇت قىلغان. بولۇپمۇ رەسىملەردىكى ئادەملەرنىڭ يۈزىنى بۇزۇۋېتەتكەن. چۈنكى يەرلىك كىشىلەر رەسىمدىكى ئادەم، ھايۋانلارنىڭ كۆزى ۋە يۈزىنى ئۆچۈرۈۋەتمىسە، ئۇلارنىڭ كېچىسى تىرىلىپ، رەسىمدىن چۈشۈپ ئادەم ۋە ئۆي ھايۋانلىرىغا زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىغا ھېلىھەم ئىشىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار تامدىكى رەسىملەرنى سۇۋاق بىلەن قوشۇپ قىرىۋېتىپ ئۈنۈمسىز ئېتىزغا ئوغۇت قىلىدىكەن. يەرلىك ئەمەلدارلار قەدىمكى يادىكارلىقلارنى بۇزىدىغان بۇنداق قىلمىشلارغا پەسەنت قىلمايدىكەن. يەنە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانلار قەدىمكى خارابىلەرنى تۈزلەپ ئۆي سېپىتۇ، ئېرىق كولاپتۇ. سۇ قەدىمكى يادىكارلىقلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرغۇسىز زىيانغا ئۇچرىتىپتۇ. ئۇنىڭدىكى ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈگەشتۈرۈپتۇ»[17].

ستەيىن بىرىنچى قېتىم خوتەنگە كېلىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا تەكلىماكاندىكى بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن

ئاجايىپ نەپىس ياسالغان بىر مۇنچە بۇتلارنى بايقىغان بولۇپ، ئېلىپ كېتىشكە ئېغىر ھەم قولايسىز بولغاچقا قايتىدىن قۇمغا كۆمۈپ قويىدۇ. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ خوتەنگە ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، ھېلىقى خارابىلىكتىن ئىلگىرى قۇمغا كۆمۈپ قويغان بۇتلارنى ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ. بىراق بايلىق تاماسىدا ئەسەبىيلەشكەن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» بۇ بۇتلارنى كولاپ چىقىرىپ، ئالتۇن، كۈمۈش بارمىكىن دەپ چېقىۋەتكەنىدى. ستەيىن بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىغانلىقىنى يازىدۇ. يەنە فولك بېرگماننىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «ئۆردەك بىزگە ئۆزىنىڭ بۇ قەبرىستانلىقتا بىرىنچى قېتىم كەلگەن چېغىدا، بەزى ھەمراھلىرىنىڭ سۈپىتى ئېسىل ھەم بېجىرىم ساقلانغان پىلاشلارنى تاپقانلىقى ھەمدە ئۇلارنى ئاتلىرىغا يوپۇق قىلىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ قېتىم بىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلدۇق. 5 . A قەبرىدىن تېپىلغان بېجىرىم كالا تېرىسى ئۇيغۇر مەدىكارلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ قويغان، ئۇلار شۇنىڭغا ئۆتۈك تىكمەكچى بولغان»⑱.

دېمەك، بۇ ئۇيغۇر يول باشلىغۇچىلار ئۆز يەرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋاللىرىنى پىششىق بىلىدىغان، جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىدايدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن چۆل-جەزىرىلەردە چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرگە يول باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مول تەجرىبىلىرى ۋە قىممەتلىك بىلىملىرىگە تايىنىپ، ئۇلارنى تەپسىلىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ بۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى، جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، كان بايلىقلىرى ۋە مەدەنىيەت-سەنئىتى، تىلى، تارىخى ھەققىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ، بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە ئېلان قىلىنىشىغا مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپىلەرنى قوشقان.

شۇڭا بىز تارىختىكى تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ، بۇ خارابىلەر ۋە بۇ يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ تۆھپىسىنىلا تىلغا ئالماي، ئۇلارغا يول باشلاپ ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كۈچ چىقارغان ئۇيغۇر يول باشلىغۇچىلارنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

**ئىزاھاتلار :**

① نىكولاي پىرژىۋالسكىي: «لوپنۇرغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 137-، 138-بەتلەر.

②، ④ سېۋېن ھېدىن: «كۆچمە كۆل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 5-، 11-، 20-بەتلەر.

③، ⑤، ⑦، ⑩، ⑭، ⑱ فولك بېرگمان: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 92-، 409-، 410-، 441-، 516-بەتلەر.

⑥ سېۋېن ھېدىن: «مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 234-بەت.

⑧، ⑩، ⑫، ⑮ مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 235-، 255-، 266-، 342-، 423-، 428-بەتلەر.

⑨، ⑰ پېتېر خوپكىرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى. 9-، 87-، 128-، 342-بەتلەر.

⑪، ⑬ ئابدۇللا سۇلايمان: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى، 116-، 117-، 136-بەتلەر.

⑯ ئالبېرت فون لىكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 90-، 91-بەتلەر.

**پايدىلانمىلار :**

① ئەسەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل 1-نەشرى.

② لى جۇن، دىڭ مياۋ: «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنى كەزگەن ئېكسپېدىتسىيەچى — سېۋېن ھېدىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل 1-نەشرى.

③ ۋۇشخۇا: «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنى كەزگەن ئېكسپېدىتسىيەچى — ستەيىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل 1-نەشرى.

④ ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «يادىكارلىقلىرىمىزدىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل 1-نەشرى.

⑤ مۇيدىن سايىت: «لوپنۇر ئەسلىمىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2003-يىل 1-نەشرى.

⑥ مارك ئاۋرېل ستەيىن: «تەكلىماكاندىن ئۆتكەندە»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# رەھبەرلەر قانچە تېز ئالمىشىپ تۇرسا، شۇنچە ياخشى بولىدىكەن

مەن ئىشلەۋاتقان ئورۇن مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك كەسپىي ئورگان بولۇپ، بۇ جايدا 20 دىن ئارتۇق خادىم ئىشلەيمىز. ئورگىنىمىز قۇرۇلغان 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان مەن باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇ جايدا ئىشلەپ كەلدىم.

ئىدارىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە بىز قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىگەنىدۇق. رەھبەرلەر بىز بىلەن بىرلىكتە بېلىنى چىڭ باغلاپ، كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمنى ئازايتىپ شەخسلەر پاراۋانلىق مۇكاپات سوممىسىنى ئاز مىقداردا تارقىتىشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن شۇ چاغدىكى رەھبىرىمىز ئالمىشىپ كېتىدىغان بولدى. ئۇ مېڭىشتىن ئىلگىرى ھېسابات دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر ئاز ئېشىنچا مەبلەغنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلىدى ـ دە، بىزگە كۆيۈنگەندەك:

— بۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى كۆپچىلىكنى جاپاغا قويدۇق. ھېسابات دەپتىرىدە يەنە بىر ئاز پۇل بار ئىكەن، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلىمىكىن دەپ ئويلىدۇق، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ بىز ئىسمىلىك تۇرغۇزۇپ، ئاشۇ ئازغىنە پۇلنى پاراۋانلىق مۇكاپات پۇلى قىلىپ تارقاتتۇق.

ئارقىدىنلا ئىككىنچى قېتىم ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن رەھبەر كەلدى. ئۇ ئىدارىمىزنىڭ بەكمۇ نامرات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىزلەرنى كىرىمنى ئاشۇرۇش، چىقىمنى ئازايتىشقا يېتەكلەپ، ئورنىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى ۋە:

— مەن كۆپچىلىكنى بۇرۇنقىدىنمۇ ناچار كۈنگە قويسام قانداق بولىدۇ؟ — دېدى.

ھەممىمىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئورگىنىمىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، خادىملارغا بېرىلىدىغان پاراۋانلىق مۇكاپات سوممىسىمۇ بىر ئاز ئۆستۈرۈلدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ بۇ رەھبەرنىڭمۇ خىزمىتى ئالماشتى. ئۇ كېتىشتىن بۇرۇن بىزگە:

— ھەي، بۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى كۆپچىلىك ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن جاپا چەكتى. ھېسابىمىزدا يەنە بىر بۆلۈك ئېشىنچا مەبلەغ بار ئىكەن، بۇنى بىر تەرەپ قىلىۋەتمىسەك مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ، — دېدى. بۇ قېتىممۇ يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئاشۇ پۇللارنى شەخسلەرگە پاراۋانلىق مۇكاپات سوممىسى سۈپىتىدە تارقىتىپ بەردۇق.

ئۈچىنچى قېتىم تەيىنلەنگەن رەھبەر ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ئۇمۇ تەبىئىي ھالدا يەنە ئىدارىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇنداق تۆۋەن بولۇشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشنى خالىمىدى. كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ تۈر، ۋەزىپىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ مەبلەغ جۇغلاپ، پۇل تېپىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى.

ئورگىنىمىز ئەھۋالى نىسبەتەن ياخشىلىنىپ، پاراۋانلىق مۇكاپات سوممىسى يەنە يېڭىدىن بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي بۇ رەھبىرىمىزمۇ ئالماشتى. ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ بىزگە:

— ھېساباتتا يەنە بىر بۆلۈك پۇل بار ئوخشايدۇ. مېنىڭچە تەقسىم قىلىۋەتسەك بولغىدەك، — دېدى. بىز يەنە چىرايلىق باھانە بىلەن بۇ پۇلنىمۇ بۆلۈشتۇق.

ھازىر 9 ـ نۆۋەتلىك رەھبەر ئىدارىمىزگە يېتەكلىپ كەلدى. ئورنىمىزنىڭ قىياپىتىدە تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا چىقتى. مۇكاپات، مائاشىمىزمۇ يىلدىن يىلغا «ئۆسۈپ» باردى. گەرچە بىز ئۆز رەھبەرلىرىمىزنى بەك ياقتۇرمىساقمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ ئورۇندا تۇرۇپ قېلىشىنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدۇق. چۈنكى بىزنىڭ ئەڭ خۇشال بولىدىغان ۋاقتىمىز دەل رەھبەرلەرنىڭ خىزمىتى يۆتكىلىدىغان «قۇتلۇق چاغلار» ئىكەن، مانا مۇشۇ چاغدا بىز خېلىلا كۆپ نەق پۇلغا ئېرىشىدىكەنمىز ئەمەسمۇ!

## ئۆزگەرتىش جەريانى

بىر قېتىملىق قاتتىق يەر تەۋرەشتە قارا بوران چىقىپ، تاغنى كەلكۈن بېسىپ، ناھايىتى يوغان بىر پارچە قۇرام تاشنى ئېقىتىپ، تاغ باغرىغا جايلاشقان كىچىككىنە بىر بازاردىكى كوچا ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بازاردىكى جامائەت قۇرام تاشتىن بىزار بولۇپ، ئۇنى يۆتكىۋېتىش توغرۇلۇق تەدبىر قوللىنىپتۇ. ئەمما نەچچە ئون ئەزىمەت بۇ يەرگە يىغىلىپ، پۈتۈن

كۈچىنى چىقىرىپمۇ تاشنى يۆتكىيەلمەپتۇ.

مەلۇم كۈنى بىر راھىب ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھېلىقى قۇرام تاشنى يۆتكەشنىڭ ئامالىنى سوراپتۇ. راھىب گىگانت تاشنى كۆرگەندىن كېيىن بېشىنى چايقىغىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. كىشىلەر تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئۇلار گىگانت تاش يېنىغا كېلىپ، تاش ئۈستىگە يېزىلغان «بازار گۆھىرى» دېگەن بىر قۇر خەتنى كۆرۈپتۇ. خەت ناھايىتى چولڭ، نەپىس، ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ئىكەن. خەتنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ئۇنى ھېلىقى راھىب يازغان دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. بارا ـ بارا بۇ گىگانت تاش كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئاپتۇ. ئالدى بىلەن بىرەيلەن گىگانت تاش ئۈستىگە قىزىل شەلپەر ئېسىپ قويۇپتۇ. كېيىنچە خەقلەر بۇ يەرگە كېلىپ كۈجە كۆيدۈرۈپ، ئىسرىق سالىدىغان بوپتۇ. زامانلار ئۆتۈپ ھېلىقى گىگانت تاش مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىدىغان بوپتۇ.

## يەنە قانچىلىك خان ـ پادىشاھلار «تىرىلىپ قوپار»

تېخى يېقىندىلا ئايال پادىشاھنىڭ ئەركىنلىك پەرىسى ھەيكىلىدىن خېلىلا ئېگىز كەلگەن ئىككىنچى يەندى ـ خۇاڭدى پادىشاھنىڭ گىگانت ھەيكىلى ياسىلىپ پۈتتى. كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەيىبلەش سادالىرى بېسىلماي تۇرۇپلا ئارقىدىن يەنە خېنەن ئۆلكىسى شۈيجېڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت 30 مىليون يۈەن مەبلەغنى ئىسراپ قىلىپ، دېڭىز يۈزىدىن 156.8 مېتىر ئېگىز تاغ چوققىسىدا «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان» كاتتا ھەيكەل ليۇباڭنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ تۇرغۇزدى. ھەيكەل ئۇلىنىڭ ئېگىزلىكى 39.9 مېتىر بولۇپ، ئۇ مەملىكەت بويىچە «ئەڭ ئېگىز تارىخىي شەخسلەر ھەيكىلى» رېكورتىنى ياراتتى.

رىۋايەتتىكى پادىشاھلار ۋە تارىختىكى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى مەردانە قىياپەت، كۆتۈرەڭگۈ جاسارەت بىلەن «ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ»، «ئېگىزدە تۇرۇپ، تۆۋەندىكى كىشىلەر ئالىمگە نەزەر سېلىش»نى باشلىۋەتتى. خان پادىشاھلار قانداقسىگە بەس ـ بەس بىلەن ئەنە شۇنداق «تىرىلىپ» قالغاندۇ؟ مۇخبىر قۇرۇلۇش ئورنىدىكى ليۇ ئۇستامنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق بۇ يەردىكى مەسىلىلەرنىڭ ئانچە سىرلىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىگىلىدى:

«30 مىليون يۈەن سەرپ قىلىپ ئەنە شۇنداق ھەيكەل ئورنىتىش مۇۋاپىقمۇ، مۇۋاپىق ئەمەسمۇ؟» دېدى ليۇ ئۇستام سوئال تەرىقىسىدە ۋە ئۇنىڭغا يەنە ئۆزى مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى «ھەي، ھەي! ھازىر بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك قىيىن، ئىشقىلىپ پۇل ھۆكۈمەتنىڭ بولغاندىكىن ئىختىيارىچە خەجلەيدىغان گەپتە!»

پۇل ھۆكۈمەتنىڭ بولغاندىكىن ئىختىيارىچە خەجلەيدىغان گەپتە! قاراڭ، مانا بۇ تەبىئىي مۇھتاجلىق بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن قىلچە ھېيىقمىغانلىق، ئاممىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقنىڭ دەل ئۆزىغۇ؟

## «تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش»

مەلۇم بىر دورا شىركىتىنىڭ ۋەكىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانا باشلىقى جېن ئەپەندىنى ئىزدەپ تېپىپ، دوختۇرخانا بىر دانە ماگنىتلىق رېزوناتور سېتىۋالسا جېن باشلىققا 100 مىڭ يۈەن تاپان ھەققى بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دوختۇرخانا باشلىقى جېن ئەپەندى بېرىلىدىغان تاپان ھەققىنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرھال ماقۇل بوپتۇ.

ماگنىتلىق رېزوناتور سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن دەرھال تەڭشەكلىرى جايىغا چۈشۈرۈلۈپ قۇراشتۇرۇلۇپتۇ. ئەزەلدىن ئاغرىق ـ سىلاق بولۇپ باقمىغان جېن دوختۇرخانا باشلىقى چېچەكلىرى چاي بولغان ھالدا خۇشاللىنىپ مەشغۇلات خادىمىغا مۇنداق دەپتۇ:

— قېنى، ئەڭ دەسلەپ قىلىپ مەن ئۆزۈمنى بىر تەكشۈرۈتۈپ باقايچۇ!

سىناپ تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دوختۇرخانا باشلىقى جېن ئەپەندى مەشغۇلات خادىمىغا قاراپ، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۇشتۇمتۇت تاتىرىپ سەتلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئوپۇل ـ توپۇل ئورنىدىن تۇرۇپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە نەزەر تاشلاپتۇ. بىر يېرىدە ئۆسمە بارلىقى يېزىلغان قۇرلارنى كۆرگەن جېن ئەپەندى ئۆزىنىڭ جىگەر راكىغا «گىرىپتار» بولغانلىقىنى بىلىپ، رەڭگى ئۆڭۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ. بۇ خىل مەنىۋى بەرباتلىق ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ئۈچ ئايچە ۋاقىت ئۆتەر ـ ئۆتمەستىنلا ئۇ باقىي دۇنياغا سەپەر قىپتۇ.

(«فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 8 ـ سانىدىن مۇھەممەد ئىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى)

# چىن تۆمۈر باتۇر ۋە سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا چاپلانغان بوھتان



ياسىنجان ياقۇپ

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسمىغا تەۋە بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈگۈنگە قەدەر ئەۋلادلارغا ئۆزلۈكنى تونۇتۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بېرىش، ھەق-ناھەق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش، سەنئەت ھۇزۇرى بېرىش، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە - يوسۇن بىلدۈرۈش جەھەتلەردە زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

ئاممباب، خەلقنىڭ زاغرا تىلىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەر بىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەر ئىپادىلىگەن ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ ساغلاملىقى، ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيەسىنىڭ گۈزەللىكى، يەتمەكچى بولغان نىشانىنىڭ سۈزۈك، ئېنىقلىقى، تەربىيەۋى قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئەلۋەتتە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ ئۆزىدىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا خەلقىمىزنىڭ يەتمەكچى بولغان گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى، ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى، كۆل سۈيىدەك تىنىق ئىچكى دۇنياسىنى، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، جاھان سىرلىرىغا بولغان ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش، زوقلىنىش تۇيغۇلىرىنى، ئادىمىيلىك پەزىلەتكە بولغان يەكۈنلىرىنى، مىجەز خاراكتېرىنى چۈشىنىپ مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، رەزىللىك بىلەن ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ پەرقىنى قىينالمايلا سېزىپ يېتەلەيمىز ۋە ئىلغار تەرەپلەردىن ئۆرنەك ئېلىپ تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلاپ ماڭىمىز. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق روللىرىدىن بىرى بولغان ئادەم تەربىيەلەش رولىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان دەپ قارىساق خاتالاشقان بولمايمىز. ھەممىمىزگە مەلۇم «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئەنە شۇنداق كىشىگە ئېس-



تېتىك زوق، مەنىۋى ئوزۇق بېرىپلا قالماي ئۆزىدە يۇقىرى تەربىيەۋى قىممەت جۇغلىغان ئېسىل چۆچەكلىرىمىزنىڭ بىرى. بىز گۈزەل ھەم تەسىرلىك چۆچەكنى ئوقۇغان چېغىمىزدا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قورقۇمسىز، كۈچلۈك، باتۇرلۇقى، سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا بولغان قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، مەختۇمسۇلانىڭمۇ ئاكىسىغا بولغان قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن تۇتقۇنلۇقتىكى ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي قېچىپ قۇتۇلۇپ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا تۇپراققا قايتىپ كېلىپ ئاكىسى بىلەن جەم بولغانلىقىدەك قەھرىمانلىق، ۋاپادارلىق روھىنى كۆرۈپ يېتىمىز، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىكى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن قەلبىمىز زىلزىلىگە كەلمەي قالمايدۇ.

چۆچەكتە چىن تۆمۈر باتۇر ۋە سىڭلىسى مەختۇمسۇلادىن ئىبارەت بىر قورساق ئاكا - سىڭىلنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ئۇلار دۇچ كەلگەن جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلارغا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقى تەسىرلىك بايان قىلىنىپ، قەھرىمانلىققا مەدھىيە، ئىناقلىققا ئاپىرىن ئوقۇلغان. قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببەت ئۇلۇغلانغان.

بىراق ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس...

«مىراس» ژۇرنىلى 2007-يىللىق 3-سانىدا ئاپتور ئۇزاق دەۋردىن بۇيان خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدە باتۇرلۇق، ۋاپادارلىق ئەخلاق، ئەركەكلىك جاسارەت، قەھرىمانلىق ئوبرازى تىكلىگەن چىن تۆمۈر باتۇرغا، قېرىنداشلىق مۇھەببەت ۋە مەنىۋى گۈزەللىكىنىڭ ئوبرازى بولغان سىڭلىسى مەختۇمسۇلانىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۇرۇشكە ئۇرۇنغان.

مەن ««چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش» دېگەن ئۇزۇن ماقالىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتىم. تېكە ئەپەندىنىڭ تەپەككۇر يۆنىلىشىنى بويلاپ تەھلىل ئېلىپ خاتالىققا يول قويغانلىقىنى، چۆچەكنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى بۇرمىلاپ تاشلىغانلىقىنى، چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن سىڭلىسى مەختۇمسۇلانىڭ ئەخلاقىغا قارىتا گۇمان پەيدا قىلىدىغان بۇ تېمىنى يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئاپتور ««چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش» دېگەن بۇ ماقالىسىدە ئەسئەت سۇلايمان قاتارلىقلارنىڭ ماقالىلىرىدىن ئۈزۈندە ئېلىپ مىسال سۆزلەپ (گەرچە باش تېما بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ) ئۆزىنىڭ «چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلا ئەمەلىيەتتە ئەر-خوتۇن، يالماۋۇز ئەر جىنس بولۇپ، ئۇ مەختۇمسۇلاغا باسقۇنچىلىق قىلغان» دېگەن بىمەنە نەزەرىيەسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۈچەپ باققان، ۋەتەنپەرۋەرلىك، قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببەت، قەھرىمانلىق، ۋاپادارلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چۆچەككە جىنسىيەتكە ئائىت مەزمۇنلارنى سۆرەپ كىرىپ تەھلىل قىلىپ كىچىك نۇقتىلارغا يېپىشىۋېلىپ، پېرسوناژلارغا بۆھتان چاپلاپ چۆچەكنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنغان. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەرم-ھايالىق، ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بىباھا ئەڭگۈشتەر. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەلك گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى — مەزمۇنى ساغلام بولۇشتىن ئىبارەت.

ئەزەلدىن مەزمۇنى ساغلام، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي - پىكرى گۈزەل ئەسىرلەرگە زورمۇ زور جىنسىيەت نۇقتىسىدىن رەڭ بېرىش ئېسىل مەدەنىي مىراسلارغا قىلىنغان ئاسىيلىقتىن ئىبارەت.

دەۋرلەردىن دەۋرگە قالدىغان مەدەنىي مىراسلارنى ئۆز مەزمۇنى، ئۆز ئالاھىدىلىكى، ئۆز پېتى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ھەر بىر ۋىجدانلىق كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى. مەن تېكە ئەپەندىدەك تەتقىقاتچى ئەمەس، بىراق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇغۇچى، مەدەنىي مىراسلارنىڭ ئىجابىي رولىنى ھىمايە قىلغۇچى. شۇ سەۋەبلىك تېكە ئەپەندىنىڭ ئاتالمىش تەتقىقاتىغا قارىتا ئۆز ۋەنىڭ بايانلىرىنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق كۆردۈم.

تېكە ئەپەندى «چىن تۆمۈر بىلەن مەختۇمسۇلا ئەر-خوتۇن» دېگەن قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئوۋغا چىقىش ئالدىدا سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا ئېيتقان: «ئوتنى ئۆچۈرمە، چېچىڭنى سىرتتا تارىما»، دېگەن سۆزلىرىگە مەھكەم يېپىشىۋېلىپ ئۇنى بىمەنىلىككە تولغان نۇقتىئىنەزەرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئۇنداقتا بىز ئەڭ ئاۋۋال تېكە ئەپەندىنىڭ ««چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش» دېگەن ماقالىسىدىكى تۆۋەندىكى بايانلىرىغا قاراپ باقايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



1) «چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلا ئەرخوتۇن.

بىرىنچى پەرھىز ئوتنى ئۆچۈرمە.

مىنىڭچە چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە ئوتنى ئۆچۈرمەسلىك ئارقىلىق باشقىلارغا يەنى بۇ ئۆينىڭ ئائىلە تۇسنى ئالغان جاي ئىكەنلىكىنى ۋە بىر ئەرنىڭ يەنى ئايالنىڭ قوغدىغۇچىسىنىڭ (مۇنداقچە دېگەندە) ئېرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەن. 2007 - يىللىق 3 - سان (3 - بەت)».

تېكە ئەپەندى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئۆز سىڭلىسىغا ئاگلىق تەلەپپۇزدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدە تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلەرنى بۇرمىلاپ قانداقتۇر بىر ئەر ئۆز ئايالىنى باشقىلاردىن كۈنلەش مەقسىتىدە شۇ سۆزلەرنى قىلغان... دېگەن نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان. تېكە ئەپەندىنىڭ بۇ نەزەرىيەسىگە تېگىشلىك رەددىيە بېرىش ئۈچۈن (ئوتنى ئۆچۈرمە) دېگەن سۆزنى چۆچەكنىڭ ئەسلي مەزمۇنى بويىچە تەھلىل قىلىپ باقايلى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئاشۇ قەدىمكى دەۋردە ئوت ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

ئىسسىنىش، يېقىلغۇ قىلىش، يورۇقلۇق چىقىرىش، يېمەكلىك پىشۇرۇش ئوت بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئاتا - ئانىسى، يا باشقا قوۋم - قېرىنداشلىرى يوق، شۇڭا چىن تۆمۈر باتۇر بىر ئائىلىلىق سۈپىتىدە سىڭلىسىغا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن مەسئۇل بولۇشى كېرەك. چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا چىقماقچى بولغانىكەن، سىڭلىسى يالغۇز قالىدۇ - دە! شۇڭا چىن تۆمۈر باتۇر يۈز بېرىشكە ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى، خەۋپ - خەتەرنى ئالدىن پەرەز قىلىپ ياكى تاسادىپىي ۋە قەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن مەختۇمسۇلانىڭ تۇرمۇشتا ئىنتايىن زۆرۈر بولغان ئوتنى ئۆچۈرۈپ



2010 . 2

قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇت سوراپ خىجالەتچىلىكتە قالماسلىقى، باشقىلارنىڭ مەختۇمسۇلانىڭ ياردەمگە موھتاجلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى بوزەك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىقنى جېكىلەيدۇ.

بۇ يەردە تېكە ئەپەندى دېگەندەك ئەر-خوتۇنلۇققا ئىسپات چىققۇدەك ھېچقانداق بىر يوچۇق يوق.

تېكە ئەپەندىنىڭ «چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن سىڭلىسى مەختۇمسۇلا ئەر-خوتۇن» دېگەن نەزەرىيەسىگە ئاساس قىلغان ئىككىنچى بىر بايانىغا قاراپ باقايلى.

چېچىڭنى سىرتتا تارىما

2) چىن تۆمۈر باتۇر مەختۇمسۇلانىڭ چېچىنىڭ تاردىلىش سەۋەبلىك باشقا بىر ئەر جىنسىنىڭ بۇ جايدا بىر ئايال جىنسىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قېلىشىنى خالىماسلىقىدىن ئىبارەت خاھىشىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ بىر ئۆزى ئىگە بولۇۋاتقان ئايالنى باشقىلاردىن مۇتلەق قوغداۋاتقانلىقىنى (ھەتتا كۈنلەۋاتقانلىقىنى) كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇ ئايال زادى ئۇنىڭ نېمىسى؟ پەقەت سىڭلىسىمۇ؟

3) بۇ ئىككى پەرھىزنى ئېيتىش ئارقىلىق مەختۇمسۇلانى باشقا يات جىنسنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلىماقچى بولغان.

4) «چېچىڭنى سىرتتا تارىما» دېگەن بايانىنى چۆچەكنىڭ ئەسلىي سۇژىتى بويىچە تەھلىل قىلىپ باقايلى:

چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسىنىڭ (سىرتتا چېچىنى تاردىسا) باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشتىن ياكى يامان كۆزلەرنىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ (ئەمەلىيەتتىمۇ مەختۇمسۇلانىڭ سۇدا ئېقىپ كەتكەن بىر-ئىككى تال چېچى موغۇل شاھزادىسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاخىرقى ھېساب بۇلۇنۇپ كېتىشكە سەۋەبچى بولدى) سىڭلىسىغا مەسئۇل بولۇش يۈزىسىدىن شۇ سۆزنى قىلغان، بۇ يەردە تېكە ئەپەندى دېگەندەك باشقا ئەردىن كۈنلەش خاھىشى مەۋجۇت ئەمەس.

(توخۇنى تاخ دېمە، مۇشۈكنى پەش دېمە) دېگەن سۆزلەر قانداقتۇر تېكە ئەپەندى ئېيتقاندەك چۆچەك سۇژىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان سۈنئىي قورقۇم بولماستىن، باشتا ئېيتقان ئوتنى ئۆچۈرمە، سىرتتا چېچىڭنى تارىما دېگەن بايانلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ.

مەسىلەن، ئاكىسى ئوۋغا كېتىپ جىنىدەك يالغۇز قالغان مەختۇمسۇلاغا توخۇسى بىلەن مۈشۈكى ھەمراھ بولۇپ قالىدۇ. مەختۇمسۇلا ئىچى پۇشۇپ توخۇنى «تاخ»، مۈشۈكنى «پەش» دەپ قوغلىدى. نەتىجىدە خاتىرجەملىك بۇزۇلۇپ قالايمىقانچىلىق چىقىپ مۈشۈك چۆگۈننى ئۆرۈۋەتتى، توخۇ كۈلنى تاتىلىدى. ئاخىر بارلىق بالايىئاپەتنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان ئوت ئۆچۈپ قېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. دېمەك، چىن تۆمۈر باتۇر «توخۇنى تاخ دېمە، مۈشۈكنى پەش دېمە» دېيىش ئارقىلىق مەختۇمسۇلاغا ئۆي ھايۋانلىرىغا ئازار بەرمەسلىكى ھەققىدە نەسىھەت قىلغانلىقى بولۇشىمۇ ياكى تىنچ ئائىلە مۇھىتىغا ئېرىشمەكچى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئەمدى تېكە ئەپەندىنىڭ يەنە بىر بايانىغا قاراپ باقايلى.

«نېمە ئۈچۈن چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلا ھېچقانداق ئاۋام بولمىغان جايدا ئايرىم ماكان تۇتىدۇ؟

چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلا ھېچقانداق ئاۋام بولمىغان جايدا يەككە - يېگانە تۇرۇشى ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن ئايرىلىپ بىر ئائىلىنى تەشكىل قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان يەنە بىر دېتال.

بۇ دەۋردىكى ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئايالىنى باشقىلارنىڭ خوتۇن قىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئامال بولمىغاندا توپ نىكاھلىنىش تۈزۈمىدىكى كىشىلەردىن يىراقلىشىپ تىنچلىققا ئېرىشمەكچى بولغان. 2007-يىللىق 3-سان (7-بەت)».

شۇ نەرسە ئېنىق يادىمىزدا بولسۇنكى، تېكە ئەپەندى (چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلا ئەر-خوتۇن) دېگەن پەرىزىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن چۆچەكنىڭ باش قىسمىدا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئادەم بولمىغان جايدا نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقى توغرىسىدا بىزگە ئېنىق ئۇچۇر بېرىلگەن بولسىمۇ بۇ تەپسىلاتلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەن. بىز تېكە ئەپەندى ۋە كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە چۆچەكنىڭ باش قىسمىدا تەسۋىرلەنگەن چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ئېسىگە كەلتۈرسەكلا ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ.

چۆچەكتە پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى پادىشاھنىڭ

كىچىك خوتۇنغا ھەسەتخورلۇق، ئىچى تارلىق قىلىپ ھىيلە ئىشلىتىپ پادىشاھ ئوۋغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىچىك خوتۇنى تەرىپىدىن تۇغۇلغان چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانى كۆلگە تاشلىۋېتىدۇ. تاشلىۋېتىلگەن بالىلارنى بىر ئېيىق كۆلدىن سۇزۇۋېلىپ جاڭگالغا ئېلىپ كېتىپ باقىدۇ. نەتىجىدە بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن ئېيىقتىن ئايرىلىپ جاڭگالنىڭ بىر چېتىدە ئايرىم ماكان تۇتۇپ ھايات كەچۈرىدۇ (ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى 1ـ چوڭ توپلىمىغا قارالسۇن).

ھېچقانداق بىر ئۇرۇق-تۇغقىنى، ئاتا-ئانىسى بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز قوۋمىنىڭ يېنىغا قايتسا زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان شارائىتتا چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ ئادەمسىز جايدا ئايرىم ماكان تۇتۇشى نورمال ئەھۋال. كىچىكىدىنلا جاڭگالدا ياشاپ ئوۋچىلىق قىلىشنى ئۆگەنگەن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ھاياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن جاڭگالدا ماكان تۇتۇشىمۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

بىز چۆچەكتە تەسۋىرلەنگەن كۆندۈرۈلگەن توخۇ، مۈشۈك، بۆركۈت، ئالما، چۆگۈن قاتارلىق ئاتالغۇلاردىن بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىن تەرەققىي قىلىپ مەلۇم مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئىنسانلارنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىمۇ بەلگىلىك نىسبەتتە تەرەققىي قىلغان بولىدۇ.

شۇنىڭدەك ئاكىسى بىلەن سىڭلىسى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ ياشاشتەك قالاق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەن دەپ پەرەز قىلىمىز.

بىز داۋاملىق تېكە ئەپەندىنىڭ بايانلىرىغا قاراپ باقايلى.

«يالماۋۇز ئەر جىنس بولۇپ ئۇ مەختۇمسۇلاغا باسقۇنچىلىق قىلغان

1) مەختۇمسۇلا نېمە ئۈچۈن يالماۋۇزنىڭ ئۆزىنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقىنى باشتىلا چىن تۆمۈر باتۇرغا ئېيتمايدۇ؟

چۆچەكلەردە ھەمىشە يالماۋۇز قەبىھ، زورلۇق ۋاستىلەر (قىزنىڭ چېچىدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇش) قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ قىزنىڭ قېنىنى شورايدۇ. بەزىدە قىزنىڭ تاپىنىغا بىگىز سانجىيدۇ. مېنىڭچە بۇ دەل يالماۋۇزنىڭ ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلىش جەريانى بولۇپ بىگىزنىڭ بېشارەتلىك مەنىسى دەل ئەرلىك جىنسىي ئەزاسىدۇر. 2007ـ يىللىق 3ـ سان (8ـ بەت). ئالدى بىلەن بۇ نەزەرىيەنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بىگىز ئاتالغۇسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

بىگىز تۆمۈردىن ياسالغان ئۇچى ئىنتايىن ئۇچلۇق تۆمۈر ئەسۋاب، يالماۋۇز ئۇنى مەختۇمسۇلانىڭ تاپىنىغا سانجىدى. بىگىز سانجىلغان يەردىن قان چىقتى. يالماۋۇز دەل ئاشۇ يەردىن قاننى شورىدى. چۈنكى تېشىلگەن جايدىن ئاققان قاننى شوراش ئاسان ئىكەنلىكى ھەممىيلەنگە مەلۇم بولغان ئەقەللىي ساۋات.

بۇ يەردىكى بىگىز ئەسلىي مەنىدە قوللىنىلغان سۆز بولۇپ، پەقەت قان چىقىرىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن، ھېچقانداق بىر كۆچمە، غەيرىي، سىمۋوللۇق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ ھەم تېكە ئەپەندى ئېيتقاندەك يالماۋۇزنىڭ جىنسىي ئەزاسىمۇ ئەمەس. بۇ يەردە يالماۋۇز ياش، تىمەن مەختۇمسۇلانىڭ قۇۋۋەتلىك قېنىنى شوراش ئارقىلىق ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان قۇۋۋەت ئېنېرگىيە توپلاپ ۋۇجۇدىنى ياشارتماقچى. بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان جىنلارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بىر قىسىم فىلىملەردىمۇ بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئادەم قېنىنى شوراش ئارقىلىق ھاياتىي كۈچكە ئېرىششى ھەققىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بايانلار مەۋجۇت، رىۋايەتلەردىن ئايانكى، يالماۋۇزنىڭ تەبىئىتى قان شوراش بولۇپ ھەرگىز باسقۇنچىلىق قىلىش ئەمەس.

تېكە ئەپەندى يەنە نېمە دېمەكچى؟ چىن تۆمۈر باتۇر مەختۇمسۇلانىڭ ئېرى بولغاچقا قايتا-قايتا قىستىمىغۇچە مەختۇمسۇلا يالماۋۇزنىڭ ئۆزىنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقىنى ئېيتمايدۇ؟ (7ـ بەت).

يالماۋۇزنىڭ مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شوراش ۋەقەسى قىسقىغىنە يەنى چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا چىقىپ كەتكەن يەتتە كۈن ئىچىدە يۈز بەردى. مەختۇمسۇلا ئاكىسى دىققەت قىلىش توغرۇلۇق تاپىلىغان ئىشلارنىڭ بىرىگىمۇ ئەمەل قىلمىدى. كىچىكىدىن باشلاپ ئاكىسىنىڭ ھامىيسىدا چوڭ بولغان مەختۇمسۇلا ئاكىسىنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئاكىسىدىن ھېيىقاتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ قاتتىق ئاچچىقلىنىشىدىن ئەنسىرەپ ئاكىسىغا دېمىگەن بولۇشىمۇ ياكى يالماۋۇزنىڭ ئاكىسى يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆچ

ئېلىشىدىن قورقۇپ ئاكىسىغا يالۋاۋۇزنىڭ ئۆزىنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقىنى ئېيتمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋدىن قايتىپ كەلگەن يەتتىنچى كۈنىلا مەختۇمسۇلا يالۋاۋۇزنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنى ئاكىسىغا دېدى. شۇنىڭ بىلەن چىن تۆمۈر باتۇر يالۋاۋۇزنى ئۆلتۈرۈشكە قەسەم ئىچتى. شۇڭلاشقا «قىستىمۇغىچە ئېيتمىدى» دەپ مەختۇمسۇلاغا بوھتان چاپلاپ ئۇنى ئەر ـ خوتۇنلۇقنىڭ ئىسپاتى قىلىۋېلىش توغرا ئەمەس.

«مەختۇمسۇلا نېمە ئۈچۈن ئىككى بالىسى ئۆلگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ؟ چۆچەكنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى مۇھىم ۋەقەلىك بولغان مەختۇمسۇلانىڭ بۇلاپ كېتىلىشى ۋە قېچىپ كېلىش جەريانى بىزگە چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، يەنى چىن تۆمۈرنىڭ ئايالى بولمىش مەختۇمسۇلا ئېرىنىڭ ئالدىغا (پاك) پېتى بارماقچى بولىدۇ ۋە ئىككى بالىسى ئۆلگەندىن كېيىن (ئەي، ئىنسابسىز بۇلاڭچىلار سىلەرگە ئۆز نەسلىمنىمۇ قالدۇرمىدىم، ئەمدى مۇرادىم ھاسىل بولدى) دەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ئالدىغا (پاكپاكىز) بولۇپ بېرىشىدىن ئىبارەت. 2007 ـ يىللىق 3 ـ سان (8 ـ بەت).

تېكە ئەپەندىنىڭ بۇ بايانىغا قارىتا تۆۋەندىكىدەك تەھلىل قىلىپ باقايلى:

مەختۇمسۇلا قانداقتۇر ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس موغۇل شاھزادىسىنىڭ ھېسابسىز لەشكەر باشلاپ كېلىشى بىلەن بۇلاپ كېتىلدى. گەرچە چىن تۆمۈر باتۇر قاتتىق قەھرىمانلىق كۆرسەتسىمۇ دۈشمەننىڭ سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى سەۋەبىدىن سىڭلىسى مەختۇمسۇلانى قولدىن چىقىرىپ قويدى. مەختۇمسۇلا باشتىن ئاياغ تۇتقۇنلۇقتىكى ئائىلىسىگە قىلچە مېھرى چۈشمىگەن. ئۆزىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان يات تائىپىدىكى شاھزادىگە قەلبىدە قىلچە مۇھەببەت ئويغانمىغان. گەرچە مەختۇمسۇلا شاھزادىدىن ئىككى باللىق بولغان بولسىمۇ خۇددى قەپەستىكى قۇش كەگرى دالىغا تەلپۈنگەندەك ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا تۇپراقنى، جېنىدىن ئەزىز بولغان مېھرىبان ئاكىسىنى يادىدىن چىقارغىنى يوق. شۇڭا پۇرسەت تېپىپ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي قېچىپ كەلدى، ئۇنىڭ قانداقتۇر مەقسىتى ئىككى بالىسىنى كۆزدىن يوقىتىپ (پاكپاكىز) پېتى ئېرىنىڭ ئالدىغا بېرىش بولماستىن، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراققا پەقەت (ساق سالامەت)پېتى بېرىپ ئەزىز قېرىندىشى بولغان چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن خۇشال ـ خۇرام جەم بولۇشتۇر. مەختۇمسۇلانىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھرىنى قانداقتۇر ئۆز ئېرى چىن تۆمۈر باتۇرغا بولغان ئاياللىق مۇھەببەت دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويماقچى بولۇش، چۆچەكنىڭ تىل گۈزەللىكى، ئىدىيەۋى مەزمۇن گۈزەللىكىگە مۇخالىپ.

تېكە ئەپەندى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «چىن تۆمۈر باتۇر چۆچىكىدىكى ئالمىنىڭ سىرى» ماقالىسىدىمۇ ئالما جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئالما جىنسىي ئەزانى ئىپادىلەيدۇ، دېگەندەك بايانلىرى ئۇچرايدۇ، ئەنە شۇنداق بايانلاردىن بىرنى كۆرۈپ باقايلى: «چىن تۆمۈر باتۇر ئالدى بىلەن ئالما ئارقىلىق ئۇنىڭ ئايال جىنس ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئالمىنىڭ ئۇنىڭ خاس مۈلكىگە ئايلانغانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ رەڭگىدىن ئالمىنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان ئايال ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ».

مەختۇمسۇلانىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە بېجىرىم ئالمىنى ئەۋەتكەنلىكىدىن بولسا ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ شۇ قەدەر پاك ۋە غۇبارسىز ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنداقلا ھېچقانداق جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىمىغانلىقىنى ئۇقتۇرماقچى بولغانلىقىنى پەرەز قىلماقمۇ ئانچە بەك تەسمۇ ئەمەس. مەختۇمسۇلا شۇنچە بېجىرىم ئالمىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق چىن تۆمۈرنىڭ ئۆزىنى كەچۈرگەن ياكى كەچۈرمىگەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغانىدى. مەختۇمسۇلا ئالمىنىڭ بېجىرىملىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىگە ھېچكىمنىڭ چېقىلمىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولغان (مەختۇمسۇلانىڭ بالىلىرى ئۆلۈپ ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىللە بولغانلىقىنىڭ بارلىق ئىسپاتلىرى تۈگىگەنىدى).

چىن تۆمۈر باتۇر بۇ سىمۋوللۇق مەنىلەرنى بىزگە ئوخشاش قىينىلىپ ئولتۇرماي تېزلا چۈشەنگەن ۋە ئۇنىڭ كۆڭۈل گۇمانلىرى بىردەمدە تارقاپ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتكەن.

مېنىڭچە چىن تۆمۈرنىڭ ئەمالىقىمۇ ئەسەردە بېشارەتلىك تۈس ئالغان بولۇپ، ئەمەلدىكى كۆزنىڭ قارىغۇلۇقنى كۆرسەتمىسە كېرەك. يەنى مەختۇمسۇلانىڭ پەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



هىزگە خىلاپلىق قىلىپ باشقا ئەر بىلەن بىللە بولغانلىقىدەك گۇماندىن ئىبارەت (ئەمالىق) بولسا كېرەك. ئۇ مەختۇمسۇلانىڭ سەللىمازا ۋە پاكلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن كۆز ئالدى يورىغان ۋە گۇمانى يېشىلگەن. مەختۇمسۇلا بولسا پەرھىزنىڭ چەكلىمىسىنى يەڭگەن. دېمەك مەختۇمسۇلا چىن تۆمۈرگە ئەۋەتكەن ئالمىدا ئەنە شۇنداق نۇرغۇن مەنا سىڭگەن.

ئۇنداقتا ئالما قانداق بولۇپ مەيدانغا چىقتى؟ ئالما قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟ چۆچەكتىكى ئالما پەقەت ۋە پەقەت مەختۇمسۇلانىڭ ئاكسى چىن تۆمۈرگە ئەۋەتكەن يوللۇقىدىن ئىبارەت.

يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا خالتا ئەۋەتىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق قەدىمكى دەۋردىن تا هازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى، بىز ھەتتا بىر سىقىم كىشمىش، بىر نان، قاق قاتارلىقلارنى ئەۋەتىش ئارقىلىقمۇ يىراقتىكى تۇغقان، بۇرادەرلىرىمىزگە بولغان سېغىنىش، مېھىر-مۇھەببەتنى ئىپادىلەيمىز، خالتا قىلىپ ئەۋەتىلگەن نەرسىنىڭ ئېسىل - ناچارلىقى ياكى مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمىز. خالتا ئەۋەتىش ئۇرۇق-تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى كۈچەيتىپ تۇغقاندارچىلىق رىشتىنى كۈچەيتىدىغان ۋاسىتە، چىن تۆمۈر باتۇر چۆچىكىدىكى ئالما قانداقتۇر تېكە ئەپەندى ئېيتقاندەك مەختۇمسۇلانىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلايدىغان سىمۋوللۇق مەناغا ئىگە بولماستىن بەلكى مەختۇمسۇلانىڭ ساق-سالامەتلىكىنىڭ، تىرىكلىكىنىڭ نىشانى.

چۆچەكتە يادىچى قولىدىكى ئالمىنى:
ئالمتۇيارنىڭ ئالمىسى،
مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى.
مەختۇمسۇلا بولمىسا،
قايدىن كېلۇر خالتىسى.

دېگەن قوشاقنى ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېغىر جۇدالىق دەستىدىن قايغۇ يۇتۇپ قارىغۇ بولۇپ قالغان چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزلىرىگە سۈركۈۋېدى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزلىرى ئېچىلدى ۋە دەرھال بېرىپ مەختۇمسۇلانى تاپتى.

دېمەك، بۇ يەردە تېكە ئەپەندى قىياس قىلغاندەك ئالما ھەققىدە ئارتۇقچە تەھلىل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

چۈنكى، ئالما چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قولىغا تېگىشى بىلەن تەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەممە نەرسە ئايدىڭلاشتى.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە باش قەھرىمان تۇرلۇك-تۈمەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئاخىر مۇرادى ھاسىل بولۇپ، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكتەك ۋەقەلىكلەر بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ.

ئەگەر چىن تۆمۈر باتۇر ھەقىقەتەن قارىغۇ بولۇپ قالغان بولسا ئۇلار ئاكا - سىڭىل جەم بولغان تەقدىردىمۇ چۆچەك تىراگېدىيە تۈسىنى ئېلىپ قالغان بولاتتى. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەن چۆچەكنى ئىجاد قىلغان ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى بولمىش ئالمىنى ئىلاھىي قۇدرەتكە، سېرلىق كاراmetكە ئىگە قىلىپ، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە مەركەزلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، بۇركۈت پېيى، ئاتنىڭ يايلى، ياكى چاچ قاتارلىق نەرسىلەر باش قەھرىماننىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ، مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىدۇ. چىن تۆمۈر باتۇر چۆچىكىدىكى ئالما تېكە ئەپەندى دېگەندەك جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، مىللىتىمىزنىڭ تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولمىش باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق رىشتىنى ئۇلايدىغان سوۋغا بېرىش ئەنئەنىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. تېكە ئەپەندى «چىن تۆمۈر باتۇر چۆچىكى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش»، «چىن تۆمۈر باتۇر چۆچىكىدىكى ئالمىنىڭ سىرى»، «ئالتۇن كەشلىك قىز» بىر قاتار ماقالىلەردە مەزمۇنى ساغلام چۆچەكلەرگە جىنسىيەت نۇقتىسىدىن پىكىر يۈرگۈزۈپ چۆچەكلەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. بۇ كۆز قاراشلارنىڭ يۇقىرىقى چۆچەكلەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى، چۆچەكتىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىغا كەلتۈرىدىغان سەلبىي تەسىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. نەچچە ئەقىل - پاراسەتنىڭ، مەنىۋى مىراسلىرىمىزنىڭ جەۋھىرى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىمىز توغرۇلۇق قەلەم تەۋرەتكەندە سالماق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

(ئاپتور: قومۇل شەھىرىدىن)



# خەلق سەنئەتكارلىرىنى قوغداش غەيرىي ئاغزاكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى

ئەخمەتجان ئىگەمبەردى

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى كارۋان كولدۇرمىلىرى-نىڭ تەڭكەشلىكىدە راۋاجلانغان يىپەك يولى مەدەنىيىتى-نىڭ گۈلتاجى، ئۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ سەنئەتكارانە جۇلاسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان نۇرلۇق ئابىدە. بىز ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى چوڭ-قۇرلاشتۇرغانسېرى ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى مەركەز قىلغان رايونلارنىڭ يەرلىك سەنەملىرى، يۇرتلار-نىڭ مۇقاملىرى ۋە مەشرەپلىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش جەريانىدا مەيلى مۇقام ئۇستازى خانىش ئامانىسساخان دەۋرىدە بولسۇن ياكى ئا-زادلىق دەۋرىدە سەيپىدىن ئەزىزى، قاسىمجان قەمبىرى، ۋە ئۇنىڭ تۇغقىنى قاتارلىقلارنىڭ مۇقامشۇناس تۇردىئاخۇن ئاكا ئارقىلىق رەتلەنگەن ئون ئىككى مۇقامى بولسۇن ۋە ياكى 80-يىللاردىن ھازىرغىچە رەتلىنىۋاتقان، مۇقام ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇقاملارنىڭ CD، VCD، DVD لېنتىلىرىنىڭ ئىشلىنىشى بولسۇن مۇقاملارنىڭ چالا ۋە ئېنىق بولماي قالغان قىسىملىرىنى شۇ خىل مۇقامنىڭ تېمىسى، تېكستى، كۈي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەرقايسى يۇرت يەرلىك مۇقاملىرى ۋە خەلق ناخشىلىرى، خەلق مەشرەپلىرى، سەنەملىرى ئاساسىدا تولۇقلىغان. مەسىلەن: ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان سىگاھ مۇقامى ۋە توققۇزىنچىسى بولغان بايات مۇقامى بۇنىڭ جانلىق دەلىلى، دېمەك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ يەرلىك مۇقاملىرى، خەلق ناخشىلىرى، خەلق مەشرەپلىرى، سەنەملىرى ۋە ئەلنەغمىلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان.

مەيلى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى بولسۇن ۋە ياكى يەرلىك مۇقاملار ۋە سەنەم ئەلنەغمە مەشرەپلىرى بولسۇن ئۇنى ئورۇنداش ۋە ئىجرا قىلىشتا چوقۇم ئۇنىڭ ماھىر ئۇستىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئېيتايلۇق، مۇزىكا ئىلمىدىكى شاھانە ئەسەر تاۋارىخى مۇسقىييۇن دېگەن كىتابتا مۇزىكا ئىلمىنىڭ بىرىنچى پىرى خەرىز، ئىككىنچى پىرى فىساغورىسدۇركىم، ئۈچىنچى پىرى ئەبۇ نەسىر فارابى، تۆتىنچى پىرى مەۋلانە ئەلى، بەشىنچى پىرى خوجەشەھابىددىندۇركىم، ئالتىنچى پىرى ئابدۇللا مەرۋارىدىن، يەتتىنچى پىرى ھەزرىتى مەۋلانە نۇرۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى، سەككىزىنچى پىرى ھەزرىتى ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايى، توققۇزىنچى پىرى ئۇستاد مۇھەممەد خۇردزىمدۇركىم، ئونىنچى پىرى مەۋلانە نەئىمان سەمەر قەندىدۇركىم، ئون بىرىنچى پىرى مەۋلانە ساھىب بەلخى ھەزرەتلىرىدۇر، ئون ئىككىنچى پىرى شەيخ سەفايى سەمەرقەندى، ئون ئۈچىنچى پىرى قىدىرخان يەركەندىدۇركىم، ئون تۆتىنچى پىرى ھەزرەتى پەھلىۋان مۇھەممەد كۆشتۆڭگۈردۇر، ئون بەشىنچى پىرى ھەزرىتى مەۋلانە لۇتفىدۇر، ئون ئالتىنچى پىرى ھەزرىتى يۇسۇف سەككاكى، ئون يەتتىنچى پىرى خانىش ئامانىسا خېنىم دېيىلگەن. ئەگەر بىز مۇشۇ بويىچە راۋاجلاندۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرساق ئون ئىككى مۇقامنى بۇگۈنگە يەتكۈزۈپ دۇنيا ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن ئالتۇن ئاچقۇچى بىلەن بىزنى خەيرلىك ئۇچراشتۇرۇپ ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ مۇقام ئۇستازى تۇردىئاخۇن ئاكىنىمۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئون يەتتىنچى پىرى دېيىشكە تامامەن ھەقلىمىز. چۈنكى «2007-يىللىق جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا پىروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندى «مۇقام پېشۋاسى تۇردىئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى» دېگەن ماقالىسىدا تۇردىئاخۇن ئاكىنىڭ ئەجدادىنى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئون ئۈچىنچى پىرى قىدىرخان يەركەندىگە ئاپىرىپ تاقايدۇ. دېمەك تۇنجى قېتىم تەمبۇر، بەربۇت، ئوددىلارنى ياساپ چېلىشنى خەلقىگە ئۆگەتكەن خەرىزدىن تارتىپ تۇردىئاخۇن ئاكىغا قەدەر خەلق شادلىقىنى، غەم-قايغۇسىنى مۇزىكا شەكلى بىلەن ئىپادە قىلىپ، جەڭ مەيدانلىرىدا، ئوۋ مەيدانلىرىدا، تۈرلۈك مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە بۇ كۈي ۋە ناخشىلاردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن. تۇردىئاخۇن ئاكا بولسا نەچچە ئەۋلاد مۇقام ئۆگىنىپ، مۇقام چېلىپ مۇقام ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، سوپى ئىشانلارنىڭ تەپىرقىچىلىكى، زالىم، چېرىك گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك تۈمەن زۇلۇم - ستەملىرى ئىچىدە ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك جاھاننامىنى بۈگۈنگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلدى. ئەگەر تۇردىئاخۇن ئاكىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك زاتنى قاسىمجان قەمبىرى، سەيپىدىن ئەزىزىدەك خەلق رەھبەرلىرى بايقىمىغان بولسا، تەشكىل كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ جاي-جايلاردىن ناخشىچى، سازەندىلەرنى يىغىپ، بۇ بىباھا سەنئەت خەزىنىسىنى تۇنجى قېتىم زامانىۋى ئۇن ئېلىش ئۈسكۈنىسى بىلەن ماگنىتلىق سىمغا ئېلىش خىزمىتىمۇ ئىشلەنمىگەن بولاتتى.

تارىخ 21-ئەسىرنىڭ دەرۋازىسىنى چەككەندە ئاندىن بىز ئاشۇ تەۋەررۈك مەدەنىيەت - سەنئەت مىراسلىرىمىزنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئۇلۇغ كىشىلىرىمىزنى قايتىدىن تونۇماقتىمىز.

زامان-زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىزدە مۇقام بىلىدىغان، مەدداھلىق قىلالايدىغان، داستان ئوقۇيالايدىغان، باللارغا چۆچەك، مەسەل ئوقۇپ بېرەلەيدىغان ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىر-بىرلەپ بىزدىن ئايرىلماقتا. شۇڭا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاشۇ تەۋەررۈك كىشىلىرىمىزنى قەدىرلىشىمىز، ئۇلارنى ئاسرىشىمىز، ئۇلارنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش سورۇنى، شاگىرت تەربىيەلەش شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز، ئەقەللىيسى ئۇلارنىڭ ئۈچ

ۋاخ نورمال يېيىش، كىيىش، كۆتۈنۈش ۋە داۋالىنىش شارائىتى ۋە يەنە سىرتقى جايلاردىكى ئۆزلىرىگە ئوخشاش تىرىك شاھتلار بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ ئۆگىنىش ئۈنتۈلۈپ قالغانلىرىنى ئەسلىۋېلىشىغا شارائىت ۋە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاپتونوم رايون ۋە بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەر بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بىر قىسىم ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى. مەسىلەن، ئاۋات ناھىيەسى ھەممىدىن بۇرۇن خەلق سەنئەتكارلىرىنى تۇرمۇش پۇلى بىلەن تەمىن ئەتتى، ئارقىدىن مەكىت، مارالبېشى، قومۇل، تۇرپان، يەكەن قاتارلىق ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرمۇ تۇرلۇك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ ئۇلار ئۈچۈن سورۇن تەييارلاپ بەردى. تۇرمۇش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىپ، تۇرلۇك سوغۇرتىلارغا قاتناشتۇردى. ھەۋەسكار ياشلارنى تەشكىللەپ ئۇلارغا شاگىرتلىققا بەردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مۇقام ۋارىسلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن يىلىغا نەچچە مىليون پۇل سەرپ قىلىپ مۇقام ئۆمىكىنى قۇردى، سەنئەت ئىنستىتۇتىدا مەخسۇس مۇقام كەسپى سىنىپى ئاچتى، بولۇپمۇ يەكەن ناھىيەسى مۇقام يۇرتى ئىكەنلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئون نەپەر خەلق سەنئەتكارىغا ئايىغا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش پۇلى تارقىتىپ بەرگەندىن سىرت يەنە ناھىيە مالىيەسىدىن ھەر بىر سەنئەتكار ئۈچۈن 400 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىپ ئۇلارنىڭ قېرىغاندا كۆتۈنۈش جەھەتتىكى غېمىنى پەسەيتتى.

شۇڭا خەلق سەنئىتىنى قوغدايمىز، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزىمىز دەيدىكەنمىز، ئاۋۋال خەلق سەنئەتكارلىرىنى قوغدىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. قوغداش مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچىدىن، خەلق سەنئەتكارلىرىنى داۋالىنىش، تۇرمۇش، كۆتۈنۈش، پاراۋانلىق جەھەتتە قوغداشنى يولغا قويۇش كېرەك. يۇقىرى-تۆۋەن ئورتاق مەبلەغ چىقىرىپ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغاندىن باشقا ئۇلارنىڭ داۋالىنىشىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك ۋەزىپىسى كۆتۈرۈۋېتىلىشى كېرەك. دېمەك بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنى تەشكىلنىڭ قوغدىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالماستىن جەمئىيەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. شۇڭا ئاشۇ قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىۋاتقان خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر بىر كىشى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا، سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى قوللىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئۇلارغا پائالىيەت قىلىدىغان سورۇن ھازىرلاپ بېرىلىشى كېرەك. خەلق سەنئىتى خەلقتىن ئايرىلسا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا خەلق بىلەن ئەڭ يېقىن بولغان سورۇن ھازىرلاپ بېرىشى، پائالىيەت ۋاقتى، پائالىيەت ئورنى ۋە پائالىيەت خىراجىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ پائالىيىتىنىڭ توختاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ۋارىسلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك. ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك بولىدۇ. ئۇنى ھەرقانچە ئۇزارتقىلى بولغان بىلەن ئۇ ھامان بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ. قېرىغانچە ئېسىدىن، ئىقتىدارىدىن قالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەقلىي ھوشى بار ۋاقتىدا چوقۇم ئۇلارغا مەلۇم ساندا شاگىرت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنىڭ ئۆچۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھەر قايسى كەسپىي مەكتەپلەر پات-پات خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلاردىن ماھارەت تەربىيەسى ئېلىشى كېرەك. بۇ شاگىرت تەربىيەلەش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. مەسىلەن، مۇقام، يەرلىك سەنەملەر، ۋاھىزلىق، ياخشىلىق، پىر ئويىنتىش، خەلق ئويۇنلىرى ھۈنەر-كەسپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچىدىن، مۇزېي، ئارخىپخانا قۇرۇش، خەلق سەنئىتى ۋە باشقا ۋەسىقىلەرنى ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم سەنئەتكارلارنى قوغداش بىلەن خەلق سەنئىتى ۋە باشقا ۋەسىقىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ـ ماتېرىيال، سۈرەت، رەسىم ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنى يىغىپ ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز خەلق سەنئەت ۋارىسلىرىنى تۇرغۇزۇپ ئۇلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمۇ تەربىيەلەش سارايلىرىنى، تەرەققىيات ئورۇنلىرىنى ئارقىمۇ-ئارقا قۇرۇۋاتىدۇ. دېمەك مۇقام ۋە باشقا خەلق سەنئىتىنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا كەلگۈسىدە خەلق سەنئەت مىراسلىرى تېخىمۇ راۋاجلانغۇسى.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى




«دەفتەرى چىنگىزنامە» — چىنگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدىكى ئېپوس خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، دەسلەپ ئېدىل (ۋولگا) دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاتارلار ئارىسىدا ئىجاد بولغان. كېيىن يەنى 17-18-ئەسىرلەردە چاغاتاي يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن. ھازىر بۇ ئەسەر ئۇكرائىنانىڭ يېڭى سىمفېروپول شەھىرىگە قاراشلىق كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. ئەسەر «فىسلى داستانى نەسلى چىڭگىز»، «فىسل فى بەيانى داستان ئاقساق تېمىر»، «فەسل فى بەيانى داستانى ئىسا ئوغلى ئامەت»، «فەسل فى بەيانى داستانى ئېدىگە بىي»، «فەسل فى بەيانۇل مەجالىس ۋەل مەكان»، «فەسل فى بەيانى داستانۇت تەرىخ» دېگەندەك بابلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر بىر بابتا ئوخشىمايدىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ۋەقەلەر، شەخسلەر ۋە قىسمەن ئۆرپ-ئادەتلەر رىۋايەت قىلىنغان. ئالايلۇق، بىرىنچى بابتا چىنگىزخاننىڭ نەسل-نەسەبى، يىلقىلىرىغا باسىدىغان ئەن-تامغىلىرى، تۇتىم قىلغان قۇشلىرى ۋە دەرەخلىرى بايان قىلىنغان بولسا، كېيىنكى بابلاردا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاقساق تۆمۈر ۋە ئالتۇن ئوردىنىڭ بەزى بەگ-خانلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەر قويۇق ئېپوس تۈسىگە ئىگە بولسىمۇ، موڭغۇللارنىڭ، جۇملىدىن چىنگىزخاننىڭ تارىخىنى، ئۇنىڭ تۈركىي قەۋملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت-ئالاقىلىرىنى، يايلاق خەلقلىرىنىڭ ئەن-تامغىلىرىنى، تۇتىملىرىنى، شۇنداقلا 16-18-ئەسىرلەردىكى ئوغۇز-قىپچاق تىللىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەنگلىشمىزچە بۇ ئەسەر چەت ئەللەردە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن خېلى بۇرۇنلا تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىزگە بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغىنى موڭغۇلىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى بادامىن ئاززايا ئەپەندىنىڭ «دەفتەرى چىڭگىزنامە ھەققىدە تەتقىقات» نامىلىق مەخسۇس ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەر 2006-يىلى ئۇلانباتۇردا نەشر قىلىنغان بولۇپ، كىرىش سۆز ۋە مۇقەددىمىدىن باشقا ئۈچ بابقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باب «دەفتەرى چىنگىزنامە»نىڭ تېكستولوگىيىسى بولۇپ، ئەسەرنىڭ لاتىنچە ترانسكرىپتسىيىسى، مەنە ۋە سۆزمۇسۆز تەرجىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچى بابتا ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى شەرھلەنگەن؛ ئۈچىنچى بابتا بىر قىسىم سۆز ۋە گراماتىكىلىق ھادىسىلەرگە ئىزاھات بېرىلگەن ھەمدە ئىندېكس ۋە قوليازمىنىڭ فاكسىمىلى بېرىلگەن.

بىز ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بادامىن ئاززايا ئەپەندى پايدىلانغان نۇسخىغا، يەنى ۋېنگرىيىلىك ئالىم مارىيا ئىۋانىك ۋە ئا. ئۇسمانوۋلارنىڭ ترانسكرىپتسىيىسىگە ئاساسەن، بۇ ئە-



٢r



١٧

سەرنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ترانسكرىپتسىيىسىنى ئىشلەپ قىلدۇق. ئۇيغۇرچە ترانسكرىپتسىيىسىنى بېرىشتە ئەسەرنىڭ فاكسىمىلىدىن مۇۋاپىق پايدىلاندۇق ۋە چۈشۈپ قالغان، قوشۇلۇپ قالغان ھەمدە مۇۋاپىق بولمىغان بەزى جايلىرىنى تولۇقلاش ھەم تۈزىتىشكە تىرىشتۇق. ئالايلۇق، بادامىن ئاززايانىڭ ترانسكرىپتسىيىسىدە «بىسمىللاھىر رەھىم» (38-بەت) بولۇپ قالغان. بىز ئەسەرنىڭ فاكسىمىلىغا ئاساسەن «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ تۈزەتتۇق. بادامىن ئاززايانىڭ ترانسكرىپتسىيىسىدە «دەفتەرى چىنگىزنامە فەسلى داستانى نەسلى جىنگىز» (38-بەت) بولۇپ قالغان. بىز ئەسەرنىڭ فاكسىمىلىغا ئاساسەن «نەسلى چىنگىز» دەپ ئۆزگەرتتۇق، يەنى فاكسىمىلدا يوق يەرلىرىنى چىقىرىۋەتتۇق ۋە بەزىدە «چىنگىز»، بەزىدە «جىنگىز»، بەزىدە «كۆرلەۋىچ»، بەزىدە «كۆرلەۋىچ» دەپ ئىككى خىل ترانسكرىپتسىيە قىلىنغان سۆزلەرنى «چىنگىز» ۋە «كۆرلەۋىچ» دېگەن شەكىلدە بىرلىككە كەلتۈردۇق. شۇنداقتىمۇ بۇ ترانسكرىپتسىيىنى سەۋەنلىكتىن خالىي دېيەلمەيمىز. ئەگەر مۇۋاپىق بولمىغان جايلار كۆرۈلسە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەرنىڭ فاكسىمىلىغا قاراپ، تۈزىتىپ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسەر تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ناھايىتى زور ئورتاقلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە يەشمىسىنى بەرمەي، پەقەت بىر قىسىم سۆزلەرگە تېگىشلىك ئىزاھات بەردۇق.

## «دەفتەرى چىنگىزنامە»

داستان، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم. نەسلى چىنگىز. ھەزرەتى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ تۆرت ئوغلى ۋە تاقى① تۆرت قىزى بار ئېردى، بىرى ھام، بىرى سام، بىرى كەنئان، تۆرتىنچى يافەس ئېردى. تاقى ئۇلۇغ قىزنىڭ ئاتى رەھەب ئېردى، ئىككىنچىسىنىڭ ئاتى زەھەب ئېردى، ئۈچۈنچىسىنىڭ ئاتى زۇھۇت ئېردى، تۆرتىنچىسىنىڭ ئاتى زەھۇت ئېردى. ئەمما رەھەب ئۆزىنىڭ سۈلبى قىزى ئېردى. زەھەب، زۇھۇت، زەھۇت ئۈچەگۈسى ② نۇھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىلە ③ كۆچكىدىن، ئىشەكدىن، ماچىدىن ئولۇپ④ ئېردىلەر. ئەمما ھامنىڭ نەسلى ئەرەب خەلقىدۇر، سامنىڭ نەسلى ئەجەم خەلقىدۇر، كەنئان تۇفاندا⑤ ھەلاك ئولدى، نەسلى كېسىلدى⑥. يافەسنىڭ نەسلى رۇم خەلقىدۇر. يافەسنى ئابۇلجاخان تېب ھەم ئايتۇلار⑦. ئابۇلجا خان ئوغلى باقىر خان، ئانىڭ ئوغلى ئۇجان خان، ئانىڭ ئوغلى ئەۋەز خان، ئانىڭ ئوغلى كۆك خان، ئانىڭ ئوغلى بوغاراخان، ئانىڭ ئوغلى قارا خان، ئانىڭ ئوغلى كۈنۈم خان، ئانىڭ ئوغلى رۇجام خان، ئانىڭ ئوغلى سام ساۋچى، ئانىڭ ئوغلى سالار ساۋچى، ئانىڭ ئوغلى سەككىبىرۇن، ئانىڭ ئوغلى قاچۇ مەرگەن، ئانىڭ ئوغلى قاچۇمان، ئانىڭ ئوغلى قارا دۇمان، ئانىڭ ئغولى تۇرۇمتاي چەچەن، ئانىڭ ئوغلى تۇمائۇل مەرگەن، ئانىڭ ئوغلى دۇيىن بايان، ئانىڭ ئوغلى چىنگىز خان، ئانىڭ ئوغلى يوچى خان، ئانىڭ ئوغلى سايىن خان، ئانىڭ ئوغلى سارتاق خان، ئانىڭ ئوغلى بۇرتاق خان، ئانىڭ ئوغلى تۇغالى خان، ئانىڭ ئوغلى توقتوغا خان، ئانىك ئوغلى ئۆزبېگ خان، ئانىك ئوغلى جانبەك خان، ئانىڭ ئوغلى بېردىبېگ خان، ئانىڭ ئوغلى شىباق خان، ئانىڭ ئوغلى مۇرتەزا خان، ئانىڭ ئوغلى كۈچۈم خان، ئانىڭ ئوغلى ئەلى خان، ئانىڭ ئوغلى ئارسلان خان، ئانىڭ ئوغلى بۇرھان سۇلتان، ئەمما بۇرھان سۇلتان ئۇرۇس

① يەنە، تېخى ② ئۈچىسى ③ دۇئاسى بىلەن ④ بولۇپ ⑤ توپاندا ⑥ ھالاك بولدى ⑦ دەپمۇ ئاتايدۇ.

قولۇندا ① ھەبس ئولۇپ ②، مۇرتەد بولدى. نائۇزۇبىللاھۇ تەئالا، ئەمدى چىڭگىزخانىنىڭ دەفتەرىن③ ئەۋۋەل باشىدىن سۆيلەيەلىك④. ئەۋۋەل باشى ناغاچى بابالارىنىدىن سۆيلەيەلىك. ئەۋۋەل زاماندا، ئاق دېڭىزنىڭ ئىچىندە مالتا دېگەن شەھەر بار ئېردى، ئول شەھەر خانىنىڭ ئاتى ئالتۇنجان دېگەن ئېردى، خانىشىنىڭ ئاتى كۆرلەۋىچ دېگەن ئېردى. ئول ئېكى پادىشاھدىن بىر قىز تۇغدى، قىزنىڭ ئاتى ئۇلەمالىك كۆركلى ئاتادىلار، تاقى ئاۋغا، كۈنگە كۆرگۈزمەدىلەر، قىرىق قۇلاچ تاش سارايدا قويدىلار. ئەمما كۆركى ئانداغ ئېردى⑤، كۈلسە قۇرۇ ئاغاچغا⑥، ياپراق بىتەر⑦ ئېردى، تاقۇر يېرگە باقسا، ئۆلەن بىتەر ⑧ ئېردى، ساچىن تاراسا، يىنچۇ⑨ تۆكۈلۈر ئېردى، تۆكۈرسە، ئالتۇن-كۈمۈش بىتەر ئېردى. ئەمما دۇنيادا بىر ئارتۇق تۇغمۇش جان ئېردى، قاشىندا دايەلەرى ⑩ بار ئېردى. ئۆزىنە ياقىن دايەسىنىڭ ئاتى ئوردا خان دېگەن ئېردى. كۈنلەردە بىر كۈن بالىق بولغاندىن سوڭ⑪ ئايتدىكىم، ئەي ئوردا خان، سەن بۇ سەرايدىن چىقارسەن تاشقارۇ، نە كۆرەرسەن دېدى. ئەمما دۇنيا دېگەن بۇ سەرايمۇدۇر يا ئۆزگە يېردە بۇ سەرايدىن باشقا بارمىدۇر، يا ئوشبۇ سەراي ئىچمۇدۇر دېدى. ئوردا خان ئايدى، دۇنيا دېگەن تاشقارۇ، كېڭ جىھاندۇر دېدى. ئەمما كۈن دېگەن، ئاي دېگەن نەرسە باردۇر، دۇنيانىڭ رەۋشەنلىغى ئانىڭ بىرلەدۇر دېدى. ئاندىن ئۇلەمالىك كۆركلى ئايدى، ئەي ئوردا خان، سەن ماڭا ئول نەرسەلەرنى كۆرگۈزگىل دېدى. ئوردا خان ئايدى⑫، سەن كۆرسەڭ ئۆلەرسەن دېدى. يەنە ئۇلەمالىك كۆركلى ئايدى، ئۆلسەم ئۆلەيىن، كۆرگۈزگىل دېدى ئېرسە، تەرەزۇنى ئاچىپ ئىيەبەردى ئېرسە⑬، كۈن ياروقى ئەۋگە⑭ كىردى. ئۇلەمالىك كۆركلى ئانى كۆردى، ھۇشى كېتۇب ئۆلە قالدى. دايەلەرى خانغە بارىب ئايتۇرمىز دېپ يىغلاشىب ئوتۇردىلار. بىر كۈن بولغاندىن سوڭ ئېسىن يېدى⑮، دايەلەررى سەۋىنۇشۇب⑯، ئۆرە تۇردىلار، تاقى ئايدىلار، نە كۆردۇڭ ئاندا؟ ئۇلەمالىك كۆركلى ئايدى، باياغى كۆرگەن كۈندىن قۇرساغىما بالا بولدى، ئېمدى ئاتامغا نە دېب ئايتۇرسىز؟ ئەمما ئول ئالتۇن خان ئۆزى ۋاقت كەلىب، قىزنى كۆزەتۇرغان ئېردى. ئالتۇن خان بىر كۈن قىزىن كۆرمەككە كېلدى ئېرسە، كۆرەر كىم، ھامىلە ئولۇبدۇر. قىزىنە ئايدى⑰، ئەي قىزىم، بىتۇنگە سىپكىل⑱ تۇشۇبدۇر، نە بالا بولدى؟ دېدى. يەنە ئۆزى قازغۇ⑲ بىرلە ئەۋگە كەلدى. ئايدىكىم⑳، ئاھ كۆرلەۋىچ، ئېكىمىز ھەلال جىفت بولغەلى مۇنداي ئۇيات ئىش كەلگەنى يوق ئېراى، قىزىمىزگە بىر بالا بولۇبدۇر، نە قىلسە بولۇر دېدى. ئاندا كۆرلەۋىچ ئايدى، ئېمدى مۇنى بۇ يەرگە، بۇ يۇرتغا بېرىپ بولماس. ئانىڭ ئۇچۇنكىم، ئادەم ئوغلى شەيتان بىرلە بارابەردۇر، كۆب سۆزلەر، كۆب ئاۋازلار چىقار دېدى. ئېمدى ئەيلە ئولسا㉑، گۈزەل كېمە بىرلە تۈن دېڭىزىنە سالىب يىبەرەلىڭ㉒ دېدى. ئاندىن سوڭ كېمە تۈزدىلەر. قىرىق قىز قىرقىنى بىرلە، كۆك كۆگەرچىنى بىرلە㉓، ئالتۇن قۇزى بىرلە، تۇتى قۇشى بىرلە، سۆنمەس چىراغى بىرلە، تۈكەنمەس ئازۇغى بىرلە تۇرا تاغىندان تۈن دېڭىزىنە ئالتۇن كېمەگە سالىب يىبەردىلەر ۋە يەنە ئايدىلار، بىر نەسىبلىگگە يولۇقغاي دېپ. ئاندىن سوڭ بىر قاچ كۈن كېچتى ئېرسە، ئول ۋاقتدا تۇرۇمتاي چىچەنىنىڭ ئوغلى تۇمائۇل مەرگەن دېگەن ئاتاسىنا ئاچى ئېردى㉔. ئېل تاشىنا چىقۇب ياتۇر ئېردى㉕، قاشىندا قىرىق كىشىسى بار ئېردى، ئىچىندە بىر قاراۋۇلچىسى بار ئېردى، شابا سوقۇر دېگەن تۇركمەن ئېردى. ماڭلايىندا بىر كۆزى بار ئېردى. بىر كۈن ئايدى، ئەي تۇمائۇل مەرگەن، ئالىسدان㉖ بىر قارا كۆرۈنۈر دېدى. ئاندا تۇمائۇل مەرگەن ئايدى، ئول نە قارادۇر دېدى. ئول شابا سوقۇر ئايدى، بىر ئالتۇن كېمەدۇر دېدى. بىر قارا تاۋدېگ قابات تۇرادۇر، ئۆتە كۆرۈرمەن دېدى، ئىچى سەنىڭ بولسۇن، تاشى مەنىم بولسۇن دېدى. ئول كېمە تاڭلا تۈش ۋاقتىندا كەلۇر بولغاي دېدى. ئاندىن تۇمائۇل مەرگەن ئايدى، خوش، ئالاي بولسۇن دېدى. ئاندىن ئول كېمە تاڭلاسى كۈن تۈش ۋاقتىندا كەلدى، كۆردىلەركىم، بىر ئالتۇن كېمە تۇرۇر، ھېچ بۇزماغا يارۇ-

---

①قولىدا ②ئەسىر بولۇپ ③دەپتىرىنى ④ سۆزلەيلى ⑤شۇنداق گۈزەل ئىدىكى ⑥ قۇرۇق دەرەخقە ⑦ يوپۇرماق ئۈنەر ⑧چىمەن پۈتەر⑨ ئۈنچە ⑩ دېدەكلىرى، قۇللىرى⑪ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ⑫ ئېيتتى ⑬ ئۆيگە ⑭ دېرىزىنى ئېچىۋېتىۋىدى ⑮ ئېسىنى يىغدى ⑯ سۆيۈنۈشۈپ ⑰ قىزىغا ئېيتتى ⑱ بېتىڭگە سەپكۈن ⑲ قايغۇ ⑳ ئېيتتىكى ㉑ ئۇنداق بولسا ㉒ تۈن دېڭىزىغا سېلىۋېتەيلى ㉓ كۆك كەپتىرى بىلەن ㉔ ئاتىسىغا خاپا ئىدى ㉕ يۇرت سىرتىغا چىقىپ ياتاتتى ㉖ يىراقتىن.

قىن يۆنىن بىلمەدىلەر①. ئاندا شابا سوقۇر تۇركمەن ئايدى، ئەي مەرگەن، ئاتىب بۇزغىل دېدى. ئاندىن تۇمائۇل مەرگەن ئايدى، تۇرۇ ئاتايۇنمۇ، قىيا ئاتايۇنمۇ② دېدى. شابا سوقۇر تۇركمەن ئايدى، تۇرۇ ئاتسالىڭ، ئىچىندە جانلىق نەرسە بولسا تېگەر بولغاي، قىيا ئاتىب بۇزغىل دېدى. خوش، ئالاي بولسا قىيا ئاتايۇن دېب③، ئوقىن ياغا

كەزلەب④، تولدۇرۇپ ئانداغ ئاتتىكىم، كېمەنىڭ ئۈچ تاختاسىن ئىرغىتىپ ئىيەبەردى. ئېمدى كېمەنى قىيا ئاتىب بۇزغانى ئۈچۈن، قىيات تۇمائۇل مەرگەن تېب ئايتۇلار. ئېمدى قىيات خەلقىنىڭ ئەسلى تۇبى بۇلاردۇر. يەنە ئول كېمەنى بۇزغاندىن سوڭ ئۇلەمالىك كۆركلى چىقتى، قىرىق قىز قىرقىنى بىرلە، كۆك كۆرگەچىنى بىرلە، ئالتۇن قوزى بىرلە، تۇتى قۇشى بىرلە، بارچەسىن تۇمائۇل مەرگەن ئالدى. كېمە تاشىن شابا سوقۇر تۇركمەن ئالدى. ئاندىن سوڭ تۇمائۇل مەرگەن ئول كېچە چادىر قۇرۇب، قىزنى ئالىب ياتۇر بولدى. ئۇلەمالىك كۆركلى ئايدى، ئەي مەرگەن، بىزنى ساڭا تەڭرى بېرگەندۇر، قاچاندا بولسا مەن سەنىڭمەن، مەگەر بىر ئانچە كۈنگە سابىر قىلسالىڭ بولۇر ئېردى، قۇرساغىمدا بىر بالا باردۇر دېدى، ۋە لېكىن بۇ قۇرساغىمداغى بالا ئادەمدەن بولغان دەگۈلدۇر⑤، نۇردان، قۇياشدان پەيدا بولغاندۇر. ئاندا تۇمائۇل مەرگەن ئايدى، ئەي مەرگەن، ھەراينە كۆكدە يۈرۈگەن ئاق شوڭقار ئېردۇم، ئېمدى سىزنىڭ قاراغايدېگ بويۇڭا قوندىم⑥، سىز ئېر كىشى، سىزگە كۆب قارۇ ئايتىب بولماس⑦ دېدى، ئەمما كۆڭلۈمنى قالدۇرماسالىڭ بولۇر ئېردى دېدى. ئاندىن تۇمائۇل مەرگەن ئايدى، خوش، سەنىڭ كۆڭلۈڭنى ھېچ قالدۇرمازمەن تېدى. ئاندىن سوڭ ئول كېچە چادىر قۇرۇب ياتتىلەر، مۇرادلارى تابدىلەر. ئاندىن تۇمائۇل مەرگەن ئايدى، ئەي ئۇلەمالىك كۆركلى، بۇقۇرساغىڭداغى بالا قۇۋاشدىن، نۇردىن بولغانى چىن ئېرمىش⑧، ئادەمدىن بولغان بولسا، قىز بولماس ئېردىڭ دېدى. سۆيۈكلىگى ئارتۇق بولدى، ئاندىن ئۇلەمالىك كۆركلى ئايدى، ئەي مەرگەن، سەن ماڭا ئىشەنمەسمۇسەن، مەن ئۆمرۈمدە ئېر يۈزۈن⑨ كۆرگەنىم يوق ئېردى، بۇ كۈن، بۇ كېچە سەنى كۆردۈم دېدى. ئاندىن تۇمائۇل مەرگەن ئايدى، ئۆزى بۇۋاز، ئۆزى قىز⑩ ئۇرازلى ئېرگە تۇش بولسۇن⑪ دېدى، ئاشۇقماقلىغىم ئول ئېردى⑫ دېدى. ئاندىن ئۇلەمالىك كۆركلى ئايدى، مەنىم قەدرىمنى ياخشى بىلگىل تېدى، ئاندىن تۇمائۇل مەرگەن ئايدى، ئەي ئۇلەمالىك كۆركلى، مەنىڭ سەۋمەگىمنىڭ نىشانى ئولدۇركىم، مەنىم

ئاغاچىم قاراغاي، ⑬
قۇشۇم شوڭقار،
ساچىن تاراغاي،
تامغام ئاچاماي

بولسۇن دېدى. ئول سەبەبدىن قىيات ئاچاماي تامغا دېب ھەم ئايتۇلار، سىفاتى ئوشبۇلاردۇر⑭. ئاندىن بىر ئانچە كۈندىن سوڭ قۇرساقداغى بالا توغدى، ئانىڭ ئاتى تەڭرى بېرگەن دۇيىنلىقدۇر دېب دۇيىن بايان ئاتادىلار. بىر ئانچا كۈنلەردىن سوڭ تۇمائۇل مەرگەننىڭ ئاتاسى تۇرۇمتاي چېچەن ئۆلدى، تۇمائۇل مەرگەن ئاتاسى يۇرتىنا⑮ بارىب ئولتۇردى، خان بولدى، خانلىقغا ئولتۇرغاندىن سوڭ ئۇلەمالىك كۆركلىدىن ئىككى ئوغۇل تۇغدى. بىرىسىن بۆدۆنەتاي، ئېكىنچىسىنى بېلگۇتاي ئاتادىلار. ئول ئېكى ئوغۇل تۇغغاندىن سوڭ ئۇلەمالىك كۆركلىنىڭ كۆڭلى يامان بولدى. ئاندا تۇمائۇل مەرگەن ئايدى، ئۇلەمالىك كۆركلى، خەلق ئوغلى ئوغۇل تابسا سەۋىنۇر⑯، سەن نە ئۈچۈن ئوغۇل تابىب، كۆڭلۈڭ يامان بولۇر دېدى. ئاندا ئول ئۇلەمالىك كۆركلى ئايدى، مەن بۇرۇنقى ئوغلۇم دۇيىن بايان ئۈچۈن قايغۇرۇرمەن تېدى.

بۇلانغا ئىيەرگەن چىچەككە ئاۋنار،⑰
دوڭغۇزغا ئىيەرگەن بالچىقغا ئاۋنار.⑱
سەن خان ئوغلى دەگۈل سەن،
يۇرتغا لايىق دەگۈل سەن دېرلەر.

① بۇزۇشنىڭ ئامالىنى بىلەلمىدى ②توغرىسىغا ئاتايمۇ، قىياش ئاتايمۇ ③ قىياش ئاتاي دېدى ④ بەتلەپ ⑤ ئەمەستۇر ⑥ قارىمايمەن ⑦ سىزگە كۆپ سەۋەپ كۆرسىتىپ بولماس ⑧ راست ئىكەن ⑨ ئەر يۈزىنى ⑩ ئۆزۈڭ ھامىلدار بولساڭمۇ قىز ئىكەنسەن ⑪ ئىستىقباللىق ئەرگە ئۇچرىشىڭ كېرەك ⑫ ئارزۇيۇم شۇ ئىدى ⑬ چوقۇنىدىغان دەرىخىم قارىغاي ⑭ شەكلى مۇنداق ⑮ ئاتىسىنىڭ يۇرتىغا ⑯ سۆيۈنەر ⑰ بۇلاڭغا بېرىلگەن گۈلدىن سۆيۈنەر ⑱ توڭگۇزغا بېرىلگەن پاتقاقتىن سۆيۈنەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆز ھالىن بىلمەسلەر،
كۆزى مالغا تويماسلار.
بۆتەنەتاي، بىلگۆتاي،
يۇرتغا لايىق ئېمەسلەر.

مەن ئارسلان بالاسى، ئېردۇم، ساڭا كەلىب نە كۆردۇم دېگەيمەن دېدى. ئاندا تۇمائۇل مەرگەن خان ئايدى، خوش، نە ئېتمەگ قوياسەن① دېدى. ئۇلەمالىك كۆركلى ئايدى، سەن ئۆلسەڭ، يۇرتىڭنى ئوغلانلارىڭ بۆدەنەتاي، بىلگۆتاي بىيلەرلەر، مەنىم نۇردىن، قۇياشدىن بولغان ئوغلۇم دۇيىن بايان ئۈچۈن قايغۇرۇمەن دېدى. ئېمدى بۇ ئېكى ئوغلۇم بۆدەنەتاي، بىلگۆتايىنى قالماقغا يىبەرگىل② دېدى. ئاندىن تۇمائۇل مەرگەن خان ئېكى ئوغلى بۆدەنەتاي، بىلگۆتايىنى قالماقغا يىبەردى، تاقى ئېكىسىنە يەتىشار③ نۆكەر قوشتى. ئولار قالماقدا بارىب، ماقام يۇرت تۇتدىلار، بىر يېردە تۇردىلار. ئېمدى قالماق تۆرەلەرىنىڭ ئەسلى تۇبى بۆدەنەتاي، بىلگۆتايدىندۇر. يەنە ئول ئېكەۋ كېتكەندىن سوڭ، بۇ دۇيىن بايانغا قىز ئالدىلار.

ئالتۇن خان نەسلىدىن يەتى سۇلتان بار ئېردى، ئانىڭ كىچىسى تۆلۈكلى دېگەن ئېردى، ئانىڭ قىزى ئالانغونى دۇيىن بايانغا ئالدىلار. يەنە ئول دۇيىن بايان بىرلە ئالانغودىن ئۈچ ئوغۇل تۇغدى، بىرىنسىنىڭ ئاتى بودومجار، ئېكىنچىسىنىڭ ئاتى قاغىنجار، ئۈچۈنچىسىنىڭ ئاتى سالچۇۋد ئېردى. ئېمدى قىيات ئۇرۇغى بودۇنجاردىن تۆرۈر، تاقى جاتاي خەلقىنىڭ ئۇرۇغى قاغىنجاردىن تۇرۇر، تاقى سالچۇت خەلقىنىڭ ئۇرۇغى سالچۇتدىن تۇرۇر. ئېمدى تۇمائۇل مەرگەن يىگىرمى يىل خانلىق سۈردى. ئاندىن دۇيىن بايان ئون توقۇز يىل خانلىق سۈردى، ئاندىن سوڭ دۇيىن بايان ئۆزى ئۆلەرىندەن ئۈچ كۈن بۇرۇن خەلقنى، بېگلەرنى يىيىب ئايدى، ئاھ ئەي، ۋاھ قالتاق خەلق ئوغلى بىلىڭلەر، ئۆلۈمدەن ھېچ قۇرتۇلغۇمۇز يوق ئېرمىش، ئەجەل يېتىب كەلسە، دارۇ دەرمان بولماس ئېرمىش. مەن ئالغان خاتۇنۇم ئالانغو بىرلە بىرگە ئۆلەرمەن دېگەن ئېردىم، ئېمدى ئەجەل ئېرىشدى، مەن ئۆلەرمەن، سىزلەر قالاسىز، ئېمدى سىزلەرگە ئەي خەلق ئوغلى، ۋەسسىيەت سۆزۈم بولسۇن دېدى، بۇ مەندىن تۇغقان ئۈچ ئوغۇل بودۇنجار، قاغىنجار، سالچۇۋد بۇلار يۇرت تۇتماغقا لايىق، ياخشى ئېرمەسلەر دېدى. ئېمدى يەنە ئەي خەلق ئوغلى مەن ئۆلگەندىن سوڭ، خاتۇنۇم ئالانغوغا تۆش تۆل بولۇب ئەنەرمەن، ئاندا يۇرتغا لايىق ياخشى ئوغۇل پەيدا بولۇر دېدى. ئەي خەلق ئوغلى ھەرايىنە ئانى كۆتكەيسىز دېدى، ئېمدى يەنە بىلگۆم ئۇل بولۇركىم، مەن ئۆلگەندىن سوڭ كۆن بولۇب ئىنەرمەن، بۆرى بولۇب چىقارمەن، ئاندىن مەنى بىلىڭىز دېدى. بۇ سۆزنى خەلايىققە ۋەسسىيەت قىغاندىن سوڭ دۇيىن بايان دۇنيادىن ئۆتتى، كەتتى. ئەمما دۇيىن بايان دۇنيادىن ئۆتكەندىن سوڭ قالماقداغى ئېكى ئىنىسى بۆدەنەتاي، بىلگۆتاي ئېشتىب







٣٧



٤٠

① قانداق ئىشقا تەيىنلەيسەن ② ئەۋەتكىن ③ يەنە ئىككىسگە يەتتە نۆكەر قوشۇپ بەردى

كەلتىلەركىم، ئاغامىز دۇيىن بايان ئۆلدى، جىڭگەمىز ئالانغو تۇل قالدى تېپ، ئۆدۇرغە كەلدىلەر. ئوتۇز ئۈچ ملك نۆكەرلەرى بىرلە ئۆدۇرىن ئۆدۇلەدىلەر. يەنە بۆدەنەتاي، بېلگۇتاي ئايدىلار، جېڭگمىز ئالانغونىڭ قايغۇرا ئاغامىز كۆيۈگىندىن يامان بولۇب تۇرۇر دېب، توپچات ئاتلارىن بىنۇب①، ئاۋ ئاۋلاي چىقتىلار، يايىر تاغىنا باردىلار، كېيىك ئارۋلادىلار. بىر كېيىكنى تىرىك تۇتۇب ئالىب قايتتىلار. ئانلار قايتىب كەلەتۇرغاندا، ئورماندان بىر قاۋم كىشلەر چىقتىلار، بارىب يولۇقدىلەر، سوردىلار، هەي، قايدىن كەلۇرسىز، نە كىشلەرسىز؟ ئولار ئايدىلار، هەي، بىزلەرنى سورساڭىز، قاتاي شەهرىدىن بوشۇب② كەلەمىز دېدىلەر. ئانلار ئايدىلار، سىزلەر هەم كىملەرسىز، نە كىشلەرسىز. بۇلار ئايدىلار، بىز قالماق خەلقىنىڭ تۆرەلەرى، بۆدەنەتاي، بېلگۇتاي بىز دېدىلەر. ئولار ئايدىلار، بىز ئۈچ ئايدىن بەرى بوشوب كەلەمىز، ئازۇغىمىز تۇكەندى، ئاچمىز دېدىلەر. بىزگە رەهىم ئېتىب، بىر نەمە بەرسەڭىز، يا ئوشبۇ كېيىكنى بىزگە بەرسەڭىز نە بولۇر ئېردى دېدىلەر. بۇلار ئايدىلار، هەي، تۆرەلەرىڭىزدەن نە ئۈچۈن بوشدۇڭۇز، بېكرەك ئاچبولۇڭۇز دېدىلەر. ئۇلار ئايدىلار، تۆرەلەرىمىز كۈچ قىلدى ③، زۇلۇملىق قىلدى، چىدامادۇق، بوشدۇق دېدىلەر. بۇلار ئايدىلار، خوش، ئالاي بولسا، دابۇ④ تىرىك كېيىكنى بېرمەزمىز دېدىلەر. ئانىڭ ئۈچۈن بىر تۇل قالغان جېنگەمىز باردۇر، ئاغامىز ئۆلگەنگە قاۋغۇدادۇر، ئاڭا ئۆيۈنگە ئالىب بارامىز، كۆڭلى ئاچىلسۇن دېدىلەر. ئانلار ئايدىلار، ئەي، يارانلار، يوق ئېرسە، بىزنىڭ بىر ئوغۇل بالامىزنى ئالىڭىز، بىزگە بۇ كېيىكنى بېرىڭىز، بىز ئاچ ئۆلمەيەلىڭ دېدىلەر. بۇلار ئولارغا قوينىڭ بىر بۇتۇن بېرىب، ئوغۇل بالاسىن ئالدىلار. بۆدەنەتاي، بېلگۇتاي ئايدىلار، جېنگەمىزگە، ئۆيۈنگە بۇ ياخشىدۇر دېدىلەر، سەۋىندىلەر. ئول ئالغان ئوغۇلنىڭ ئاتى يالىن دېگەن ئېردى، ئانىڭ ئاتاسىنىڭ ئاتى ماڭقاتاي بىي⑤ دېگەن ئېردى. ئاچلىقدان، دەرمانسىزلىقدان ئول بىي ئوغلىنى بىر بۇتغا بېردىلەر. بۆدەنەتاي، بېلگۇتاي ئول ئوغۇلنى ئالىب كەلدىلەر. جېنگەمىزنىڭ يىلقىسىن باقىب، قىزىمىزنى تۇتارغا بۇ ياخشى لايىق دېدىلەر. يالىننى كەلتۇرۇب، جېنگەسى ئالانغوغا تابشۇردىلەر. ئالانغو ئانىڭ تۇبىن ئەسلىن⑥ بىلىب، ياخشى ئاسرادى. ئاندىن سوڭ، بۆدەنەتاي، بېلگۇتاي ئايدىلار، ئەي جېنگەمىز، بىزگە رۇخسەت بېرگىل، بىزلەر قايتۇرمىز، ئانىڭ ئۈچۈنكىم، بىز مۇندا كېلگەندىن سوڭ، تاڭغۇتدان ئېلچى كەلىبدۇر، يامان خەبەرى بار ئېرمىش، بىز قايتامىز دېيلەر. ئاندا ئالانغو ئايدى، ئاه، ۋاه، ۋاي، ئاي قايىن ئىنىلەرىم بۆدەنەتاي، بېلگۇتاي، بىر ئانچا كۈنگە سابىر قىلساڭىز بولۇر ئېردى، ئانىڭ ئۈچۈنكىم، ئېمدى مەنىم بۇ ئۈچ ئوغلۇم بودۇنجار، قاغىنجار، سالچۇت خەلقنى بىلمەس بولدىلار، زۇلم كۈچ قىلۇرلار، سۆزۈم تىڭشاماسلار. بۇلارغا ئاقىل ئۆگۈت بېرسەڭىز⑦ نە ئولا دېدى. بۆدەنەتاي، بېلگۇتاي ئايدىلار، ئاي جېنگەمىز، بىزنىڭ ئاقىل، ۋەسسيەت، ئۆگۈتىمىز ئولدۇركىم، بۇ ئىنىلەرىمىز ساڭا، تاقى بېگلەرىنە، تاقى ئېل ئۇلۇغلارىنا ئېمىن ئولالار، ياخشى تۇتالار. ئېمدى بىلىڭلەركىم، ئوڭار يۇرتىنىڭ نىشانى بېلگۇسى ئول تۇرۇر:

جاۋدان ئېلىن كۆب ئېتەر،⑧
قالا تۇبۇن ئور ئېتەر،⑨
دەرۋازەسىن كېلك ئېتەر.
جاۋ ئېلگە يات نۆكەرگە،
سىررىنى ئايتماسلار.
ئۇلۇغلارىن تۆرگە كېچرىب،⑩
كىچىكلەرىن خىزمەت قىلدۇرۇرلار.

يەنە بىلىڭلەركىم، ئۆڭمەس يۇرتىنىڭ ⑪ نىشانى بېلگۇسى ئول تۇرۇر:

ئۆز يۇرتىن يامانلار كىشى يۇرتىن ماقتار،
ئۆز ئۇرۇغىن يامانلار كىشى ئۇرۇغىن ماقتار.
ئۆز ئاغاسىن يامانلار كىشى ئاغاسىن ماقتار.
ئۇلۇسى تۇرۇر كىچىسى سۆيلەر،⑫
ئاتاسى تۇتۇر ئوغلى سۆيلەر،
مىسقىلچى بولۇر.

يەنە ئايدۇرلار:

يېرەن ئات ⑬مىنگەن قىزىل يۈزلى ئوغلاندىن

---

① مىنىپ ② قېچىپ ③ بېسىم قىلدى ④ ماۋزۇ ⑤ باي ⑥ نەسل - نەسەبىنى ⑦ نەسىھەت قىلساڭلار ⑧ ياۋدىن يۇرتنى قوغدار ⑨ قەلئەنىڭ ئۇلىنى چىڭدار ⑩چوڭلارنى تۆرگە چىققۇزۇپ ⑪ سىلماس يۇرتىنىڭ ⑫ چوڭى قىلىپ كىچىكى سۆزلەر⑬ جىرەن ئات.



كېڭەش سورغان ئول كىشى بولۇب يۇرت كۆتمەس①، ئېل ئۇلماغان ئېل ئولسا، ئول ئېل ئېل ئۇلماس②، مال كۆتمەگەن مال كۆتسە، قۇۋ ئۆلەننى ئوتلادۇر③، قۇش چۇيمەگەن قۇش چۇيسە، قارغا بىرلە قاز ئالدۇرۇرمەن دېر④، كۆن كۆرمەگەن كۆن كۆرسە، كۆن ئېتۆكنى كيمەن دېر، مال تابماغان مال تابسا، كىشنى كۆزگە ئىلمەن⑤ دېر. ئانىڭتېگ تۆرە كۆتمەگەن تۆرە كۆتۈب، مالسىزلار مالّى بولۇب، بىزنىڭ بۇ ئىنىلەرىمىزنى ئانداغ كىشلەر ئازدۇرىب تۇرۇر دېدىلەر. ھەرايىنە بىلمەگەنلەر بىلۇرلەر، ئۆرگەنمەگەنلەر ئۆرگەنۇرلەر دېدىلەر. مۇڭا دەلىل سۆزدە ھەم باردۇر:

ئېتمەكچىدەن كېڭەش سورماغىل⑥،
تېمىرچىدەن كېڭەش سورماغىل،
قاسسابچىدان كېڭەش سورماغىل،
كۆرگەن كۆرگەنىن ئايتۇر،
كۆتەرگەن ئېتمەگىن ساتۇر.

ئېمدى تەڭرىسىنە تەۋبە قىلدۇن، ئۇلۇغلاردىن، بېلەردىن كېڭەش سوردۇن، ئېمدى ۋەسىيەتىم، ئۆگۈتۈم، ئايتۇر سۆزىم مۇندان ئارتۇق يوقدۇر دېدىلەر. يەنە بۇ سۆزلەرنى ئەيتكەندىن سوڭ بىكدەنەتاي، بىلەۇتاي يۇرتلارىنا قايتىلار. ئانلار قايتقاندان سوڭ بۇ ئۈچ ئوغۇل بودۇنجار، قاغىنجار، سالچۇت ئاغالارىنىڭ ئۆگۈت ۋەسىيەت سۆزىن تۇتمادىلار، ئاناسىن سانغا سانامادىلار⑦، ئوڭماس بولدىلار⑧، ئېلكۆن⑨ بېگلەرە، يەنە خەلق ئوغلىنا، قىزىنا كۆچ ئېتە باشلادىلار⑩ بايلارىنىڭ ئايرى ئۆرگەچلى نار دېۋەسىن⑪، ئاياغى چالىش يورغاسىن، مۇينۇ ئۇزۇن ئارغاماغىن⑫، باتۇر يېگىتلەر كيەر كۆپەسىن⑬، ياخشى بېگلەرنىڭ قىزلارىن ئالدىلار. بۇ ئىشكە خەلق ئوغلى كۆنمەس، چىداماس بولدىلار. جىيىلىب كەلىب، ئالانغوغا ئايدىلار، ئاھ، ئالانغو، بىزنىڭ ئېتمىز بىتىب، سۆيەكىمىز قالدى، ئېمدى چىدار ھالىمىز قالمادى دېدى. ئاندا ئالانغو ئايدى، ئاھ، ئەي، ۋاي، خەلق ئوغلى، ئانلار مەنىم سۆزىم تىڭشاماسلار، سىزلەرنىڭ ھەم قەدرىڭىزنى ھەم بىلمەسلەر دېدى. ئاندا ئالانغو ئايدى، ئاھ، ئەي، ۋاي، خەلق ئوغلى، مەنىم ئېرىم دۇيىن بايان سىزگە ئايتمادىمۇ؟ مەن ئۆلگەندىن سوڭ تۆش تۆل بولۇب كەلۇرمەن دېمەدىمۇ؟ ئېمدى كەلۇر ۋاقت كەلگەندۇر، ئىرىش قالىڭىز بولسا، ئېر ئوغۇل بولغاي دېدى. ئاندا ئالانغودىن بۇ سۆزنى ئېشىتىب، خەلق ئوغلى ساۋىندىلار، شاد بولدىلار، يەنە ئاندىن سوڭ، ئالانغونىڭ بۇ سۆزى ئەلق ئاراسىدا مەشھۇر بولدى. دۇنياغا قاچان كەلۇر دېب ئانى كۆتەر ئېردىلەر. ئاندا ئالانغونىڭ ئۈچ ئوغلى بودونجار، قاغىنجار، سالجۇد خالايىقدىن ئېشىتتىلەر.

تەييارلىغۇچى: ئارسلان ئابدۇللا (شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى)

---

①يۇرت سورالماس ②ئىتتىپاقسىز ئاۋام ئەل بولماس ③ مال باقمىغان مال باقسا ئۆلەننى ئوتلىتار ④ قۇش كۆندۈرمىگەن قۇش كۆندۈرسە، قاغا بىلەن غاز ئوۋلايمەن دەر ⑤ كۆزگە ئىلمەس ⑥ ناۋايدىن مەسلىھەت سورىمىغىن ⑦ ئانىسىنى كۆزگە ئىلمىدى ⑧ جاھىللىق قىلدى ⑨ خالايىق ⑩ زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى ⑪ بايلارنىڭ بىر ئۆركەشلىك نار تۆگىلىرىنى ⑫ ئايغى يېنىك يورغىلىرىنى، بويى ئېگىز مىنەر ئاتلىرىنى ⑬ باتۇر يىگىتلەر كىيىدىغان كېتىم-كېچەكلەرنى

# ئېتىقاد ۋە شەخسىي مەنپەئەت

**تەۋپىق ھەكىم (مىسىر)**

بىر توپ مۇرىتلار بىر تۈپ دەرەخنى مۇقەددەس روھ دەپ بىلىپ، دەرەخكە چوقۇنۇۋاتقانىكەن. بىر زاھىت بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ-دە، پالتىسىنى ئېلىپ بېرىپ دەرەخنى كېسىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ دەرەخكە يېقىن كەپتۇ. تۇيۇقسىز بىر شەيتان پەيدا بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي، توختا! سەن نېمە سەۋەبتىن بۇ دەرەخنى كېسىۋەتمەكچى؟

— چۈنكى بۇ دەرەخ كىشىلەرنى ئازدۇرۇۋاتىدۇ.

— كىشىلەرنى ئازدۇرسا ئازدۇرمامدۇ، ئۇلار ئالدىنىۋەرسۇن!

— ئۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭ ئۇلارنى يېتەكلەش مەسئۇلىيىتىم بار.

— سەن كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىنى توسۇما، ئۇلار نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلسۇن.

— ئۇلار ھازىر ئەركىن ئەمەس، چۈنكى ئۇلار جىن-شەيتانلارنىڭ ئەپسۇنلىرىنى ئاڭلاۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا سەن ئۇلارغا ئۆزۈڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتماقچى ئوخشىمامسەن؟

— مەن ئۇلارغا ئاللانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتماقچى.

— مەن ساڭا بۇ دەرەخنى ھەرگىز كەستۈرمەيمەن!

— مەنمۇ بۇ دەرەخنى كەسمىگۈچە ھەرگىز بولدى قىلمايمەن.

شۇنىڭ بىلەن شەيتان زاھىتنىڭ كېكىردىكىدىن ئاپتۇ، زاھىت شەيتاننىڭ مۈگۈزىدىن تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلار قاتتىق ئېلىشىپتۇ. زاھىت شەيتاننى يېڭىپ يەرگە يىقىتىپتۇ، ئۇ شەيتاننى مىنىپ تۇرۇپ:

— مەن ساڭا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام، — دەپتۇ.

شەيتان ھاسىراپ تۇرۇپ:

— مەن سېنىڭ مۇنچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىڭنى ھەرگىز ئويلىماپتىمەن. مېنى قويۇۋەت، نېمە قىلمەن دېسەڭ قىلىۋەر، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن زاھىت شەيتاننى قويۇۋېرىپتۇ. ئەمما قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن ھېرىپ كەتكەن زاھىتنىڭ دەرەخ كەسكۈچىلىكى قالماپتۇ، شۇڭا قايتىپ كېتىپ بىر كېچە ئارام ئېلىپ ئاندىن كەسمەكچى بوپتۇ.

ئەتىسى ئۇ يەنە پالتىسىنى ئېلىپ دەرەخ كېسىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. شەيتان بىردىنلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پەيدا بوپتۇ-دە ۋارقىراپتۇ:

— بۈگۈنمۇ دەرەخ كەسكىلى ماڭدىڭما؟

— مەن ساڭا بۇ دەرەخنى كەسمەي قويمايمەن دېمىگەنمىدىم؟

— سەن بۈگۈنمۇ مېنى يېڭەلەيمەن دەمسەن؟

— مەن ساڭا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىغۇچە بولدى قىلمايمەن.

— خوش، ئەمسە كارامىتىڭنى كۆرسەت.

شەيتان زاھىتنىڭ كېكىردىكىدىن ئاپتۇ. زاھىت يەنە شەيتاننىڭ مۈگۈزىدىن تۇتۇۋاپتۇ. يەنە بىر پەس قاتتىق ئېلىشىش باشلىنىپتۇ. ئاخىر زاھىت شەيتاننى يەنە يېڭىۋاپتۇ. ئۇ شەيتاننى يەرگە بېسىپ تۇرۇپ:

— ھە، ئەمدى سېنىڭ يەنە دەيدىغان گېپىڭ بارمۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن تەن بەردىم. سېنىڭ ھەيران قالغۇدەك كۈچۈڭ بار ئىكەن. مېنى قويۇپ بەر. سەن مېنى نېمە قىل دېسەڭ شۇنى قىلىمەن، — دەپتۇ شەيتان ھارغىن قىياپەتتە.

شۇنىڭ بىلەن زاھىت ئۇنى يەنە قويۇپ بېرىپ كەپسىگە قايتىپ كېتىپتۇ. زاھىت راستىنلا قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە بىر كېچە قىمىر قىلماي يېتىپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈپ كۈن چىققاندا، زاھىت يەنە پالتىسىنى كۆتۈرۈپ دەرەخنى كەسكىلى مېڭىپتۇ. بۇ قېتىممۇ شەيتان يەنە ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇپ:

www.uyghurkitap.com



— ھەي، سەن تېخىچە بۇ نىيىتىڭدىن يانمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، مەن بۇ بالايىئاپەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتمىگۈچە ھەرگىز بولدى قىلمايمەن.

— سەنزە، مېنى ئۇ دەرەخنى كەسكىلى قويىدۇ دەمسەن؟

— يەنە ئېلىشقۇلۇق كەلسە كەل، يەنە مەغلۇپ بولۇپ بۇرنۇڭغا يەيسەن شۇ.

بۇ ئادەم بىلەن ئېلىشىشتا غەلىبە قىلىشتىن ئۈمىد يوقتەك قىلىدۇ، - دەپ ئويلاپتۇ شەيتان كۆڭلىدە، - ئېتىقادلىق ۋە غايىلىك ئادەمنى يېڭىدىغان بىردىنبىر چارە ھىيلە-مىكىر بولسا كېرەك.

شۇنداق قىلىپ ئۇ چىرايلىق ساختا تەبەسسۇم بىلەن تولىمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ زاھىتقا:

— مېنىڭ سېنى بۇ دەرەخنى نېمىشقا كەسكىلى قويمىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ مەن پەقەت سېنى دەپلا بۇ دەرەخنى كەسكىلى قويمىدىم. بۇ دەرەخنى كېسىۋەتسەڭ، بۇ دەرەخكە چوقۇنىدىغانلار ساڭا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، ساڭا قارشى چىقىدۇ. نېمىدەپ ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىك تاپىسەن؟ بولدى قوي، بۇ دەرەخنى كېسىش نىيىتىڭدىن يانغىن. مەن ساڭا كۈندە ئىككى دىنار پۇل بېرەي، شۇنى خەجلەپ راھەتتە ياشىغىن، — دەپتۇ.

— ئىككى دىنار؟

— شۇنداق، ھەر كۈنى ئىككى دىنار بېرىمەن، ياستۇقۇڭنىڭ تېگىدىن ئالساڭ بولىدۇ.

زاھىت بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن شاققىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ شەيتانغا قاراپ:

— دېگەنلىرىڭگە كىم گۇۋاھ بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن قەسەم قىلىپ بېرەي، ۋەدەمدىن يانمايمەن.

— بولىدۇ، ئەمىسە مەن سېنى سىناپ كۆرەي.

— شۇنداق قىل، كۆرۈپ باققىن.

شەيتان بىر قولىنى زاھىتنىڭ مۇرىسىگە قويۇپتۇ. ئىككىسى قول ئېلىشىپ ۋەدىلەشكەندىن كېيىن، زاھىت ئۆيىگە قايتىپتۇ.

دېگەندەك شۇنىڭدىن كېيىن زاھىت ھەر كۈنى ياستۇقى تېگىدىن ئىككى دىنار ئالىدىكەن. بىر ئايغىچە شۇنداق بوپتۇ. ئەمما بىر كۈنى ئەتىگىنى زاھىت قولىنى ياستۇق تېگىگە تىقىپتىكەن دىنار چىقماپتۇ. چۈنكى شەيتان ئۇنىڭ ياستۇقى ئاستىغا دىنار قويمىغانىكەن، زاھىتنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ھېلىقى دەرەخنى كېسىۋېتىش ئۈچۈن يەنە يولغا چىقىپتۇ. ئەمما يېرىم يولدا شەيتان يەنە ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋاپتۇ.

— توختا، قاياققا ماڭدىڭ يەنە؟ — دەپ سوراپتۇ شەيتان.

— دەرەخ كەسكىلى.

شەيتان ئۇنى مەسخىرە قىلىپ قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— دەرەخ كەسكىلى؟ ساڭا بېرىدىغان دىنارنى توختىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن دەرەخنى يەنە كەسمەكچى بولۇپ قالدىڭما؟

— ياق، مەن بۇ گۇناھ مەنبەسىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىپ تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتىمەن.

— سەن؟!

— ھەي، سەن مەلئۇن تېخى ماڭا تەھدىت سېلىۋاتامسەن؟

— كەچۈر بۇرادەر، سېنىڭ تۇرقۇڭ تولىمۇ كۈلكىلىك بىلىندى.

— بۇ گەپنى سەن دەۋاتسەن جۇمۇ ئالدامچى ئەبلەخ.

زاھىت شۇنداق دېگىنچە شەيتانغا ئېتىلىپ بېرىپتۇ-دە، شەيتاننىڭ مۇڭگۈزىدىن تۇتۇۋاپتۇ. يەنە قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئەمما بۇ قېتىم ئۇزاق ئېلىشمايلا شەيتان زاھىتنى يېڭىپ يەرگە بېسىۋاپتۇ-دە، زاھىتنىڭ ئۈستىگە مىنىپ تۇرۇپ:

— ھەي، سېنىڭ ھېلىقى قۇدرىتىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەغلۇپ بولغان زاھىت قاتتىق غەزەپ بىلەن:

— ئېيتە شەيتان، سەن مېنى قانداق يەڭدىڭ؟ — دەپتۇ.

— سەن ئېتىقاد ئۈچۈن ئېلىشقىنىڭدا مېنى يەڭگەندىڭ، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئېلىشقىنىڭدا مەن سېنى يەڭدىم، — دەپتۇ شەيتان.

زۇلفىيە ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى

(تەرجىمان: «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدا)



010



# دەريا بويىلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى



**مەتسەئىدى مەتقاسىم**

كىرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسى تارىم ئويـ
مانلىقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ناھىيە
مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 233 كىلومېتىر كېلىدۇ.
كىرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ جەنۇبتىن شىـ
مالغا 270 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان دەريا بويى
بوستانلىقىدا 307 ئائىلىلىك 1370 نەپەر ئۇيغۇر چارۋىچى
ياشاپ كەلمەكتە.

ئۇلار خۇددى كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك چېچىلغان
ھالەتتە تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قوشنىلىرى بىلەن
بولغان ئەڭ يېقىن ئارىلىقى 20 ــ 30 كىلومېتىر، ئەڭ
يىراق ئارىلىقى 200 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جاي دۇنيا بوـ
يىچە ئاھالە ئەڭ شالاڭ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ
بىرى ھېسابلىنىدۇ.

دەريا بويىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى تارىم مەدەنىيىتىـ
نىڭ مۇھىم بىر تەركىبى ھەم راۋاجى. بۇ جاي خۇددى
قۇملۇقتىكى ئۇستى ئوچۇق فولكلور مۇزېيىغا ئوخشايدۇ.
قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى تېخى ئۆچمىگەن، كولـ
دۇرما ئاۋازى سېھرىي كۈچىنى يوقاتمىغان، ھەققىي
مىللىي خاسلىق پارلاپ تۇرغان بۇ قايناق زېمىن 21 ـ ئەـ
سىرنىڭ ئۇپۇقىدا كۆزلەرنى ھەسەن ـ ھۆسەندەك قاماشتۇـ
رۇپ، قاغجىرىغان دىلىمىزنى نەملەشتۈرۈپ، ھالسىراۋاتـ
قان روھىمىزغا مەنىۋى قۇۋۋەت بولۇپ كەلدى. زامان
رەۋىشلىرىدە توزانلاشقان ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز
تېخىچە بۇ يەردە ئۆزگۈپ كەتكىنى يوق. بىز ئەقىل كۆزد ـ
مىزنى چوڭراق ئېچىپ دەريا بويىلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىـ
گە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۆزىمىزدە ساقلىنىپ كېـ
لىۋاتقان بەزى مەنىۋى چىرىكلىكنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

مەن 20 يىلدىن بۇيان تەكشۈرگەن ۋە تەتقىق
قىلغان ماتېرىياللار ئاساسىدا، دەريا بويىلىقلارنىڭ ھازىرـ
غىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادىتىنى تۆۋەنـ
دىكىدەك رەتلەپ چىقتىم.

## بىرىنچى ماددىي ئادەتلەر

### 1. ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى

تېرىقچىلىق: دەريا بويىلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى خېلى
بۇرۇنلا شەھەرلىشىپ، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، چارۋىچىـ
لىق بىلەن تەڭ قەدەممۇ ئىپتىدائىي تېرىقچىلىقنى بارلىققا
كەلتۈرۈپ، بۇغداي، ئارپا، گۈرۈچ، تېرىق، ماش قاتار
لىق دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان، شۇنىڭغا مۇناسىپ يەنە
تېرىقچىلىق سايمانلىرىنى ئىختىرا قىلغان. ئارخېئولوگلار
دەريا بويى دائىرىسىدىكى قارا دۆڭ، مارجانلىق،
يۇمىلاق قۇم قاتارلىق قەدىمىي خارابىلار ئەتراپىدىكى 64
ئورۇندا مەھەللە، ئېتىز، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، زىرائەت ئەۋ
رىشكىلىرىنى بايقىغان. يۇمىلاق قۇمدىن تېپىلغان تېرىقتا
ياسالغان پوكو ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلانـ
ماقتا. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ رايوندىن ئارا ياغاچ،
ياغاچ ئورغاق، موما ياغاچ، توغراقتىن ياسالغان
گۈرجەك، تاش يارغۇنچاق، بوغۇس قاتارلىق تېرىقچىلىق
سايمانلىرى كۆپلەپ تېپىلدى.



تۈگمەنچىلىك: جۇڭگو-فرانسىيە كېرىيە دەريا ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى بۈگۈنكى دەريا بويى بوستانلىقىنىڭ غەرب تەرىپىگە تۇتاشقان مارجانلىق خارابىسىدىن تۆت پاي تۈگمەن تېشىنى تاپقان. بۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونىدا سۇ تۈگمىنىنىڭ ئەڭ بالدۇر كەشىپ قىلىنغانلىقىنى ۋە ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈگمەنچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ھۈنەر-كەسىپ، بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن.

چارۋىچىلىق: دەريا بويىنىڭ چارۋىچىلىقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئىلگىرى بۇ يەردە ياشىغان چارۋىچىلار خېلى بۇرۇنلا چارۋا ماللارنى كۆندۈرۈش، بېقىش، كۆپەيتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلگەن. دەريا بويىدا «مېلى يوقنىڭ جېنى يوق»، «ئەرنىڭ قانتى — ئات»، «چارۋىنى ئۇرسا يامان بولىدۇ»، «دەريا بويىنىڭ چارۋىسى بار، چارۋىلارنىڭمۇ خۇداسى بار»، «رەۋەندىدە يارىيار ھارۋا، دەريا بويىدا بىر ئەدەس چارۋا» دېگەنگە ئوخشاش ئەجداد ئۆگۈتلىرى كۆپ ساقلانغان. ئۇلار چارۋىلارنى تۈرلەر بويىچە ھۆيدەش (ھۆيلاپ چاقىرىش ئادىتىنى) يېتىلدۈرگەن. دەريا بويىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىزلاشقا ناھايىتى ماھىر بولۇپ، بىرەر چارۋىنىڭ ئىزىغا قاراپلا ئۇنىڭ ئەركەك-چىشىلىقىنى، ھەتتا رەڭگىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. كونا كىيىم-كېچەك ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئىچىدە چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەر خىل بۇيۇملار كۆپ ئۇچرايدۇ.

## 2. كىيىنىش ئادىتى

دەريا بويىلىقلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىيىنىش ئادىتى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ ئالاھىدە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمما جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك سەۋەبىدىن قىسمەن خاس كىيىنىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلارنىڭ كىيىنىشىدە تەبىئىي ئېھتىياج بىلەن ئېستېتىك ئېھتىياج بىرلەشتۈرۈلۈپ، پەسىل ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەرقلىق كىيىنىش داۋاملىشىپ كەلگەن، ئۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىنىش ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۈگۈنكى زامان شارائىتىدا يەنىلا ئۆزگىچە خاسلىقىنى ساقلاپ كەلگەن.

دەريا بويى تەۋەسىدە يېرىم ئەسىردىن بۇيان داۋاملاشقان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا قارادۆڭ، يۇمىلاققۇم ۋە مارجانلىق خارابىلىرىدىن ماتا، چىگە، پاختا رەختلەرنىڭ پارچىلىرى ھەممە تېرىدىن ئىشلەنگەن ھەر خىل كىيىم-كېچەك بايقالغان. بۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ خېلى بۇرۇنلا بۇنداق كىيىملەرنى ئىشلەش جەھەتتە يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. 1908-يىلى دەريا بويىدا تۇغۇلغان مەتتوختى خارەت ھازىر ھايات بولۇپ، ئۇ دەريا بويىلىقلارنىڭ بۇرۇنقى كىيىم-كېچەكلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ئىلگىرى دەريا بويىنىڭ ئەرلىرى ئاشلانمىغان قوي تېرىسىدىن ياسالغان باراق تەلپەك (سالۋا تەلپەك)، جۇۋا، خام ئىشتان ۋە چورۇق كىيگەن. ئاياللار بولسا پەۋازلىق چاپان (پەرىجىنىڭ بىر خىل شەكلى)، كىچىك تەلپەك، ئارا تەلپەك، چوڭ تەلپەك، قاما تەلپەك، خام ئىشتان، خام كۆڭلەك، كىچىك جۇۋا، قوي تېرىسىدىن ياسالغان چورۇق كىيگەن. شۇ دەۋرلەردە بۇنداق كىيىم-كېچەكلەرنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان يەرلىك ھۈنەرۋەن ئۇستىلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار بوتچى، خامچى، تەلپەكساز دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئۇستىلار يۇلغۇندا ياكى تۆمۈردە ياسالغان چوڭ يىڭنە (جۇۋالدۇرۇز)، چىگە يىپ ئىشلىتىپ ھەر خىل كىيىملەرنى تىككەن. لېكىن، بۇنداق كىيىملەر 1960-يىللاردىن كېيىن، رەۋەندىلەر سىرتتىن يۆتكەپ كەلگەن كىيىملەرنىڭ كۆپىيىپ كىرىشى ئارقىلىق ئاستا-ئاستا ئىستېمالدىن قالغان.

كىچىك تەلپەك، ئارا تەلپەك، پەۋازلىق چاپان، جۇۋانچە كۆڭلەك، خام ياغلىق (ئاق ياغلىق) دەريا بويى ئاياللىرىنىڭ مۇراسىم كىيىمى بولۇپ، ھەرخىل توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدا كىيىلىپ كەلگەن.

2007-يىلى 6-ئايدا كېرىيە ناھىيەسىنىڭ جاي يېزى-

لىق مەدەنىيەت پونكتىغا بۇ يېزىدىكى بىر قىسىم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى يىغىپ ساقلانغان. ئۇنىڭ ئىچىدە دەريا بويىدىكى بىر ئائىلىدە ساقلىنىپ كەلگەن، 160 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بىر پەۋازلىق چاپان بىلەن خامدىن ئىشلەنگەن جۇۋانچە كۆڭلەك قويۇلغان. بۇ دەل ھازىرقى كېرىيە ئاياللىرىنىڭ پەرەنجىسى بىلەن جۇۋانچە كۆڭلىكىنىڭ بىر خىل كونا شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بۇ پەۋازلىق چاپان قاراقاش ناھىيەسى ۋە خوتەننىڭ ئىلچىدا بايقالغان پەۋازلىق چاپان بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت رەڭ جەھەتتىلا پەرقلىنىدۇ. تۆۋەندە دەريا بويىدىكى بىر قىسىم كىيىملەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## چورۇق

چورۇق ئادەتتە ئىپتىدائىي چورۇق ۋە شىرە چورۇق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلغان. ئىپتىدائىي چورۇق ئاشلانغان خام تېرە پارچىسىنىڭ چۆرىسىنى تېشىپ، زەي ياكى تاسما بىلەن پۇتقا بېكىتىلىدىغان ئاددىي ئاياغنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل چورۇقنى دائىم كىيىپ تۇرغاندا ئاسان قۇرۇپ قورۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەر بىر نان تاپسا داپ چالدىغانلارنى ئۇچراتقاندا «ئۆتكەن كۈنگنى ئۇنۇتما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دېگەن ھېكمەتنى تەكىتلەيدۇ. ھازىر دەريا بويىدىكى ئاز بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ قازناقلىرىدا ئىپتىدائىي چورۇق ۋە شىرە چورۇقنىڭ تاشلاندۇقلىرى ساقلانغان. شىرە چورۇق ئىپتىدائىي چورۇققا قارىغاندا بىر قەدەر ئىلغار بولۇپ، ئۇ يەرلىك ئۇسۇلدا كۆن ۋە چەمدىن تىكىلىدۇ. ئۇ ئەپچىل، يۇمشاق، يەڭگىل، چىداملىق بولۇشتەك ئالا-ھىدىلىككە ئىگە. شىرە چورۇق نۇسخىسىغا قاراپ ئۇزۇن سەخ، ئارا سەخ، كالتە سەخ دېگەن بىر نەچچە خىل تۈرگە ئايرىلغان. ياشانغانلار كىيىدىغان چورۇق پۇستەك، كىچىك باللار كىيىدىغان چورۇق پۇپەش دەپ ئاتالغان. چورۇق يەنە نەپىسلىك دەرىجىسىگە قاراپ، سىدام چورۇق ۋە زىغىرىقلىق چورۇق دەپ ئىككىگە ئايرىلغان.

بۇ خىل چورۇقلار 1980-يىللارغا قەدەر دەريا بو-يىدا مەۋجۇت بولۇپ، ئەر ۋە ئاياللار ئۇچۇن ئورتاق ئىشلىتىلىپ كەلگەن. ھازىر بەزى ئائىلىلەر شىرە چورۇقنى تەۋەررۇك سۈپىتىدە ساقلاپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا دەريا بويىدىكى ئاھالىلەر ئىچىدە يېقىنقى مەزگىلگە قەدەر پىيما كىيىدىغان، پايتىما يۆگەيدىغانلار بار ئىدى. ھازىر بۇ كىيىملەر چىرا ۋە كېرىيەنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىدا ئاندا-ساندا ئۇچرايدۇ.

## باراق تەلپەك

ئىلگىرى دەريا بويىلىقلار باراق تەلپەك كىيگەن. باراق تەلپەك باشقا يۇرتلاردىكى سالۋا تەلپەك بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. باراق تەلپەك — دەريا بويىدىكى ئەرلەر كىيىپ كېلىۋاتقان قەدىمىيلىككە ھەم ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە باش كىيىم. باراق تەلپەك قوي ياكى ئۆچكىنىڭ تې-رىسىنى ئاشلاپ ئەيلىگەندىن كېيىن، باشنىڭ چوڭ-كى-چىكلىك ئۆلچىمى بويىچە ئەندىزە ئارقىلىق قاسقان كېسى-ۋېلىنىپ، يىپ-يىڭنە بىلەن ئىككى بېشى چېتىلىپ چەمبەر-سىمان ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ئېشىنچا تېرە-ئەندىزىگە بې-سىلىپ ۋە تۆپىلىك كېسىلىپ، ئۆزئارا چېتىشتۇرۇش ئارقى-



www.uyghurkitap.com





لىق ياسىلىدۇ. ئاخىرىدا باراق تەلپەككە ئاددىي كىرپىك تۇتۇلۇپ زەيلىنىدۇ. قىسمەن ئەھۋالدا باراق تەلپەككە قاسقان بىلەن تۆپىلىك ئايرىم كېسىۋېلىنماي، بىرلەشتۈرۈپ بىراقلا كېسىلىپ تىكىلىدۇ.

باراق تەلپەك نۇسخىسىغا قاراپ كەڭ قاسقانلىق ۋە تارقاسقانلىق دەپ ئايرىلىدۇ. كۆپىنچە ئاق رەڭلىك بولىدۇ.

2010.2

## كېرىيە كۆرپە تەلپىكى

دەريا بويىدا كېرىيە كۆرپە تەلپىكى كىيىش ئومۇملاشقان. بۇ يەردىكى ئەرلەر قىشتا باشنى سوغۇقتىن ساقلاش، يازدا باشنى ئىسسىقتىن ساقلاش ئۈچۈن دائىم بۇنداق تەلپەكنى كىيىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. كېرىيە كۆرپە تەلپىكى تۇغۇلغىنىغا بىر ياكى ئىككى ھەپتە بولغان قىسقا يۇڭلۇق قوزىنىڭ قارا كۆرپىسىدىن سىپتا ھەم كۆركەم قىلىپ تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىز گىرۋىكىگە كىرپىك قويۇلىدۇ، تۆپىلىكىنىڭ ئۈستى تەرىپى تاشلىنىدۇ. تەلپەكنىڭ ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، تۆپىلىك بىلەن قاسقان بىر تەكشىلىكتە بولىدۇ. كېرىيە كۆرپە تەلپىكى شەكلىگە قاراپ، ئايالچە، ئەرەنچە، يازلىق تەلپەك، قىشلىق تەلپەك، ئېگىز قاسقانلىق تەلپەك (ئادەتتە سېكرېتار تەلپىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئوتتۇرا قاسقانلىق تەلپەك ۋە بالىلار تەلپىكى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئېگىز قاسقانلىق ئەرەنچە كۆرپە تەلپەك بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى كېسىك كۇنۇسقا ئوخشايدۇ. ئاستى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 50-60 سانتىمېتىر، ئۈستى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 35-45 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

## شاپاق بۆك

دەريا بويىدىكى ئەرلەر شاپاق بۆكنىڭ ئۈستىگە كېرىيە كۆرپە تەلپىكى كىيىشكە ئادەتلەنگەن. كۆرپە تەلپەكنى ئېلىۋېتىپلا، شاپاق بۆك كىيىپ يۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. شاپاق بۆك ئادەتتە، چوڭ شاپاق بۆك، ئارا شاپاق بۆك، كىچىك شاپاق بۆك دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ شاپاق بۆك بىلەن ئارا شاپاق بۆكنىڭ تىكىلىش شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن كىچىك شاپاق بۆك بىر قەدەر ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

شاپاق بۆكنىڭ تېگى تەرىپىگە خاڭدەن، ئەستىرىگە خام خەسە ئىشلىتىلىپ قولدا تىكىلىدۇ. ھېچقانداق قېلىپ ئىشلىتىلمەيدۇ. ئالدى بىلەن بۇغداي ئۇنىدىن قويۇق شىلىم تەييارلىنىپ، خاڭدەنگە پىچاقتا سۈۋۈلۈپ، ئەندىزىگە سېلىنىپ پىچىلىدۇ. ئەستەرلىكمۇ شىلىملىنىپ، قەغەز چاپلىنىپ پىچىلىدۇ. ئەستەرنىڭ ئاستىدىن باشقا تەرەپلىرى تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىچى-تېشىغا ئۆرۈلۈپ، قەغىزى سېرىق، قىزىل يىپتا ئىككى قات تىكىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تالانىڭ ئوتتۇرىسى سېرىلىپ، ھەر بىر تالانىڭ چۆرىسىگە ئۈچ-تۆت تال قىزىل يىپ قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يەنە قىزىل يىپتا تورلىنىپ، تۆت تالاسى تولاغدىن ئېلىنىپ تەتۈر چېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاپاق بۆكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتىدۇ. ئاخىرىدا يەنە قارا خادانىغا شىلىم يەتكۈزۈلۈپ، ئەستىرى شىلىمشىنىپ، قەغەز چاپلىنىپ بۆكنىڭ ئاستىغا ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا تىكىلىدۇ. شاپاق بۆك ياشلارغا كۆك رەڭدە، ياشانغانلارغا قارا رەڭدە تىكىلىدۇ.

ئىككى ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ شاپاق بۆكىگە گۈل چېكىلىپ، گۈل ئەتراپىغا رەڭلىك پىستان قويۇپ، ئاق رەختتە پاتمۇچۇق ياساپ بۆكنىڭ ئۈستىگە تىكىلىدۇ. كىچىك شاپاق بۆككە قادالغان پاتمۇچۇق ئەسلىدە ئەجدادلىرىمىزدىن ئۇدۇم قالغان كۆز مۇنچاقنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇ بالىلارغا كۆز تېگىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن قادىلىدۇ (بۆككە پاتمۇچۇق، سالما، ھەرخىل قۇشلارنىڭ شەكلىنى قاپارتما شەكلىدە چۈشۈرۈپ يامان كۆزدىن ساقلاش

ئادىتى قەشقەر قاتارلىق جايلاردىمۇ ساقلانغان ـــ م) .

## كىچىك تەلپەك

كىرىيە ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى بولغان كىچىك تەلپەك تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، ئۆزگىچىلىكى، نەپىسلىكى ۋە سەنئەت قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن رايونىمىز ئىچى-سىرتىغا داڭلىق. كىچىك تەلپەك ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تەتقىقاتچى، ساياھەتچى ۋە فولكلورشۇناسلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

مەن 2007-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى، ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، تەتقىق قىلىش مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە تۈر ئىلتىماس قىلىش كۇرسىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىرىيە ناھىيەلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، كىرىيە ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى بولغان كىچىك تەلپەكنى دۆلەتنىڭ 2-تۈركۈمدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى مەخسۇس تۇتۇپ ئىشلەپ، كىچىك تەلپەكنىڭ تارىخىي مەنبەسى، رايونلارغا تارقىلىشى، ھازىرقى ھالىتى، يوقىلىش سەۋەبى، قۇتقۇزۇش، قوغداش، ۋارىسلىق قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا مەخسۇس تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ تۈر يوللاش خىزمىتىنى ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا ئون نەچچە خادىم كىچىك تەلپەك توغرىسىدا جاپالىق ئىزدىنىشكە توغرا كەلدى. كىرىيە ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى كىچىك تەلپەك تىكىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق ھۈنەرۋەنلەرنى ئېنىقلاش، ئەھۋال ئۇقۇش، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش، تۈر ماتېرىيالى تەييارلاش ۋە يوللاش ئارقىلىق، 2008-يىلى كىرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى، 2009-يىلى دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ ئېلان قىلىندى.

مەن تۆۋەندە ئۆزۈم تەييارلىغان مۇشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا كىچىك تەلپەكنىڭ تارىخىي مەنبەسى توغرىسىدىكى يۈزەكي قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

### 1. كىچىك تەلپەكنىڭ تارىخىي مەنبەسى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى تەتقىقاتچىلار كىچىك تەلپەكنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى قۇياش ئېتىقادچىلىق دەۋرىگە باغلاپ، ئۇنىڭ يۇمىلاق شەكلىنى چىقىش قىلىپ «كىچىك تەلپەك قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ مەھسۇلى» دېگەن يەكۈننى چىقاردى. بەزىلەر قەدىمكى كىرىيەنىڭ ئۇدۇن ئېلىنىڭ مەدەنىيەت، سىياسىي مەركىزى، يىپەك يولى جەنۇبىي لىنىيەسىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇشتەك ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى چىقىش قىلىپ «كىچىك تەلپەك قەدىمكى بۇددا دىنىي مۇخلىسلىرىنىڭ چېچىنىڭ ئوتتۇردىسىنى تۈرمەللىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇ بۇددا دىنىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىدى». يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار كىچىك تەلپەكنىڭ ئاق ياغلىقنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلۇپ، ياغلىقنىڭ بىر ئۇچىدا كۆزدىن باشقا يۈزىنىڭ كۆپ قىسمىنى ياپىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ھېسابلىدى.

مېنىڭچە، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كىچىك تەلپەك كىيىش كىرىيە ئاياللىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان. كىچىك تەلپەك چوڭقۇر تارىخىي ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە، ئۇ كىرىيە ئاياللىرىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادىتىنىڭ بىر قىسمى. شۇڭا، كىرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكى ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن پەيدا بولغان دەپ قاراش تارىخىي چىنلىققا بىر قەدەر ئۇيغۇن. ئەگەر



www.uyghurkitap.com



ئۇ بۇددا دىنىنىڭ مەھسۇلى بولىدىغان بولسا ئېنىقكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىششى بىلەن تەڭ چەكلىنىپ ئۆز ۋاقتىدا ئىستېمالدىن قالغان ياكى قارشىلىققا ئۇچرىغان بولاتتى. يەنە كېلىپ، دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر بۇددا دىنىي مەركەزلىرىدە كىچىك تەلپەك كىيىدىغان ئادەت بولمىغان. دۇنيادا ھېچقانداق بىر بۇددا مۇخلىسى كىيىمىگەن كىچىك تەلپەكنى پەقەت كېرىيە ئاياللىرىنىڭلا كىيىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. چۈنكى، كېرىيەلىكلەر تارىختا يەككە. يېگانە ياشىماستىن باشقا جايلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. مۇبادا، كېرىيە ئاياللىرى بۇددا دىنى مەزگىلىدە كىچىك تەلپەك كىيگەن دېيىلسە، ئۇ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان خوتەن رايونىدىن باشقا جايلارغىمۇ تارقالغان ھەم ئومۇملاشقان بولاتتى. لېكىن، تارىختا بۇ ھەقتە بىرمۇ ماددىي پاكىت ۋە يازما ماتېرىيال يوق. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇزۇنتات، دەندەن ئۆيلۈك، نىيا، قارادۆڭ قاتارلىق قەدىمكى ئىزلارغا كەلگەن سەيياھلارنىڭ ھېچقايسىسى كىچىك تەلپەكنى كۆرمىگەن ھەمدە بۇ ھەقتە بىرمۇ خاتىرە قالدۇرمىغان. قەدىمكى ئۇدۇن بۇددا مەدەنىيىتىگە دائىر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىرەر تارىخىي ماتېرىيالدا كىچىك تەلپەككە ئائىت ھېچانداق مەلۇمات يوق. رايونىمىزدا ئۆتكەن يەرلىك تارىخچىلارنىڭ قول يازمىلىرى بولسۇن ياكى كىلاسسىك ئەسەرلەردە بولسۇن ھېچقايسىسىدا كىچىك تەلپەك توغرىسىدا بىرەر سۆزنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان كىچىك تەلپەككە ئائىت تەتقىقاتلاردا بۇ ھەقتىكى پاكىت ئاساسلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللاردا كىچىك تەلپەكنى ساكىيامۇنىنىڭ بېشىدىكى چاچ تۇرمىلىگە ياكى قارا دۆڭ قەدىمىي شەھىرىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى تام رەسىمىدىكى بىر بۇددا رەسىمىنىڭ چاچ تۇرمىلىگە باغلايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. ئەمەلىيەتتە، چاچ تۇرمەللەشنى كىچىك تەلپەكنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسى قىلىۋېلىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئەگەر چاچ تۇرمەللەشتىن كىچىك تەلپەك كېلىپ چىققان دېيىلسە، كىچىك تەلپەك دۇنيادىكى باشقا جايلاردىمۇ ئومۇملاشقان بولاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەچچە 100 يىللاردىن بۇيان تارىم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئىچىدە، جۈملىدىن، دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان كېرىيە تەۋەلىكىدىكى 20دىن ئارتۇق مەدەنىي يادىكارلىق ئورنىدا ھازىرغىچە كىچىك تەلپەك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەرمۇ ماددىي پاكىت تېپىلمىدى.

يەر يۈزىدىكى پۈتۈن مەدەنىيەتلەر ۋە پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراش تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش تولىمۇ بىمەنىلىك، ئەلۋەتتە. بەزىلەر كىچىك تەلپەك پەيدا بولغان كېرىيەدىن ئىبارەت بۇ رايونغا كېلىپ ھېچقانداق ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئېلىپ بارماستىن، ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇپلا كىچىك تەلپەكنىڭ ھازىرقى شەكلى ۋە خام ماتېرىيالىنى بۇنىڭدىن 3- 4 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرلەردىمۇ ھازىرقىغا ئوخشاش دېگەندەك بىمەنە قاراشتا بولۇپ، كىچىك تەلپەكنىڭ تۆپىلىكىنى كۆك ئاسماننىڭ سىمۋولى قىلىپ تەھلىل قىلدى. ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى «بۇنىڭدىن ئۈچ- تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرى كىچىك تەلپەكنىڭ تۆپىلىكى ھازىرقىغا ئوخشاش كۆك خاڭدەندىن ياسالغان» دېيىلسە ئىشەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

كىچىك تەلپەكنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا كېرىيەدىكى كىچىك تەلپەك ئۇستىلىرى ئارىسىدا ئېغىزدىن- ئېغىزغا كۆچۈپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن مۇنداق ئىككى رىۋايەت بار.

بىر كۈنى قاراخان پادىشاھى بۇتپەرەسلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ھەرقايسى يۇرتلاردىكى باتۇرلارنى قەشقەردىكى ئوردىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا ئىنئام بېرىپتۇ. باتۇرلار ئىچىدە كېرىيەنىڭ قارلۇق كەنتىدىن بارغان پەۋازلىق ئۇزۇن چاپان كىيگەن بىر ئايال بولۇپ، پادىشاھ ئۇنىڭ يۈزىنى يۆگەپ تۇرغان ئاق ياغلىقنىڭ ئۈستىگە قارا رەڭلىك كىچىك بىر يۇمىلاق تاج قاداپ قويۇپتۇ. كېيىن بۇ باتۇر ئايال يۇرتقا قايتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكى باشقا ئاياللار ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، ئاق ياغلىقنىڭ ئۈستىگە قارا كىچىك تاجغا

① مەمەتئەيسا قۇربان: «ئۇزۇلمەس ئىقىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 33- بەت.

ئۇخشايدىغان كىچىك تەلپەك كىيىدىغان بوپتۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە: قارلۇق قەبىلىسىنىڭ بىر ئايال قەبىلە باشلىقى بولۇپ، ئۇ بېشىغا ئالتۇندىن باش كىيىم ياساتقان. ئۇنىڭ شەكلى دەل ھازىرقى كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكى شەكلىدە بولغان. ئايال قەبىلە باشلىقى بۇ ئالتۇن تەلپەكنى كىيىشتىن بۇرۇن پۈتۈن قەبىلە ئاياللىرىغا «قارلۇق قەبىلە ئاياللىرى باشقا قەبىلە ئاياللىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مۇشۇنداق ئالتۇندىن ياسالغان كىچىك تەلپەك كىيىشى، ئالتۇن تاپالمىغانلار كۈمۈش، تۆچ، مىستىن ياساپ كىيسە بولىدۇ»، دېگەن مەزمۇندا يارلىق چۈشۈرگەن. شۇنىڭدىن بۇيان، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قارلۇق ئاياللىرىدا كىچىك تەلپەك كىيىش ئادىتى شەكىللەنگەن ھەم ئومۇملاشقان①.

بىز بۇ ئىككى يۇرۇش رىۋايەتتىن كىچىك تەلپەكنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسى مەزگىلىدە ئەڭ دەسلەپ كېرىيەدىكى قارلۇق ئاياللىرى ئارىسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى، كېيىن باشقا ئاياللارمۇ تاج كىيگەن ئاياللاردىن ئۆگىنىپ، تەدرىجىي ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر كىچىك تەلپەك كېرىيە ئاياللىرىغا خاس ئەنئەنىۋى باش كىيىم بولۇپ، ئۇنىڭغا بەزى يەرلىك ئۆرپ-ئادەت بىلەن دىنىي ئېتىقاد مۇجەسسەملەنگەن، تارىخقا نەزەر تاشلايدىغان بولساق بۈگۈنكى كېرىيە، چىرا بوستانلىقىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن خوتەن بۇدددىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش داۋامىدا بەزى ئاياللارنىڭ باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى، بەزى شېھىتلىك-مازارلارنىڭ ئاياللارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتالايمىز. كېرىيەدە ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىسى كۆپلەپ ئولتۇراقلاشقان، ناھىيە بازىرى ۋە بەزى جايلار ھازىرغا قەدەر قارلۇق نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. كېرىيەدىكى قارلۇقلار بىلەن يۇقىرىقى ئىككى رىۋايەتنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، كىچىك تەلپەكنىڭ مەلۇم تارىخىي ئاساسىنى تاپالايمىز.

مەن كېرىيەدىكى كىچىك تەلپەك تىكىدىغان 20 نەچچە ئۇستىنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن ئاڭلىغان كىچىك تەلپەككە دائىر مەزمۇندىكى ئەسلىمە ۋە بايانلىرىدىن كىچىك تەلپەكنىڭ قارلۇق ئاياللىرى ئارىسىدا پەيدا بولغىنىغا تەخمىنەن 900 يىلدىن ئاشقانلىقىنى بايقىدىم. بۇ قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرۇلۇپ خوتەن بۇدددىستلىرى بىلەن بولغان 47 يىللىق ئۇرۇش ئاخىرلاشقان كېيىنكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى رىۋايەتتىكى بايانلارغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇستىلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇرۇنقى زامانلاردا كىچىك تەلپەكنىڭ شەكلى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىرقىدەك نەپىس ھالەتكە كەلگەن.

كىچىك تەلپەك كېرىيە ئاياللىرىنى گۈزەل، سالاپەتلىك، قامەتلىك كۆرسىتىدۇ. جۇۋان بولغان ئاياللار كىچىك تەلپەك، پەرىجە، جۇۋانچە كۆڭلەك كىيىپ، ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ.

كىچىك تەلپەك كېرىيە ئاياللىرىنىڭ مۇراسىم كىيىمى بولۇپ، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم، ئادەمگەرچىلىك ئىشلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا كىيىلمەيدۇ.

**2. كىچىك تەلپەكنىڭ رايونلارغا تارقىلىشى**

كىچىك تەلپەك بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كېرىيەنىڭ قارلۇق كەنتىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئەتراپىغا تارالغان. بۇنىڭدىن 300 يىللار ئىلگىرى كېرىيەدىكى بىر قىسىم ئوۋچى ۋە چارۋىچىلار، نىيا، چەرچەن، چاقىلىق ۋە چىرا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ھەم يەرلىك ئاھالە بىلەن قوشۇلۇپ بوستانلىقلارنى بىرلىكتە بەرپا قىلغان. بۇ ھەقتە بەزى تەتقىقات ماقالىلىرىدە تەپسىلىي مەلۇماتلار بار، بىر قىسىم كېرىيە ئاھالىسىنىڭ ئەتراپتىكى رايونلارغا كۆچۈشى بىلەن تەڭ كىچىك تەلپەكمۇ شۇ رايونغا تارقالغان. كىچىك تەلپەكنىڭ رايونلارغا تارقىلىشى جەھەتتە كېرىيە ناھىيەسى مەركىزىي رايون، چىرا، نىيا، چەرچەن، چاقىلىق ناھىيەلىرى تارماق رايون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا لوپ، خوتەن، قاراقاش ناھىيەلىرىدىمۇ بەزى ئەھۋالدا كىچىك تەلپەك كىيىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە كېرىيەدە كىچىك تەلپەك كىيىدىغان ئاياللار 1980-يىللاردىكىدىن 60% ئەتراپىدا ئازلاپ كەتكەن. كىچىك تەلپەك تىكىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 23كە، ئۇستا ۋە شاگىرتلار بولۇپ ئاران 37 كىشى قالغان.

① مەمەتئەيسا قۇربان «ئۈزۈلمەس ئېقىن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 34-، 35-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com





دەريا بويىدا كىچىك تەلپەك كىيىدىغان ئاياللار ناھايىتى كۆپ. ھازىر كېرىيە ناھىيەسىگە نىسبەتەن كىچىك تەلپەكنىڭ رايونلارغا تارقىلىش جەھەتتە دەريا بويىنى مەركىزىي رايون دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. مەن تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، دەريا بويى يېزىسىدا جۇۋان يېشى (25 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان ئاياللار)دىن يۇقىرى ئاياللارنىڭ ھەر خىل مۇراسىملاردا كىچىك تەلپەك كىيىش نىسبىتى %75 تىن %90 كە قەدەر يېتىدۇ.

**3. كىچىك تەلپەكنىڭ تىكىلىشى**

كىچىك تەلپەك شەكىل جەھەتتە كېسىك كۇنۇس شەكلىدە بولۇپ، نۇسخا جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش. ئۇنىڭ ئۈستىنىڭ دىيامېترى تۆت-بەش سانتىمېتىر، ئاستىنىڭ دىيامېترى سەككىز-توققۇز سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى يەتتە-سەككىز سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۇ تاشلىق، تۆپىلىك، ئىچلىك قاتارلىق ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قېلىپقا تارتىلىدۇ. بۇ خىل تەلپەكنىڭ قاسقىنى قارايۇڭ يىپتىن توقۇلىدۇ. ئاستى گىرۋىكىگە بىر سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۇڭ يىپتىن تەكشى قىلىپ كىرپىك تۇتۇلىدۇ. تەلپەكنىڭ ئىچى يۇمشاق تېرىدىن ئەستەرلىنىدۇ. تەلپەكنىڭ تۆپىلىكى خالىغان تاۋار ياكى زەرلىك رەختتىن تىكىلىدۇ. ئادەتتە بىر كىچىك تەلپەك ئىككى كۈندە پۈتىدۇ.

كىچىك تەلپەكنىڭ تۆپىلىكى ئاق رەڭ، كۆك رەڭ، سېرىق رەڭدىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەڭدە بولىدۇ. ئاق رەڭ بەخت، ئامەت، ياخشىلىق، پاكلىق، ئالىيجانابلىققا، كۆك رەڭ ئىلاھىي تۈس ئالغان ئاسمانغا باغلانغان بولۇپ، ياخشىلىق ۋە ئامەتكە، سېرىق رەڭ قۇياشقا، مول ھوسۇلغا، تارىمنىڭ رەڭگىگە سىمۋول قىلىنغان.

**پەرىجە**

بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا دەريا بويىدىكى ئاياللار پەرىجەنى پەۋازلىق چاپان، دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن، بۈگۈنكى كۈندە پەرىجە دەپ ئاتايدىغان بولغان. پەرىجە كېرىيە ئاياللىرى، جۈملىدىن، دەريا بويى ئاياللىرى ياقتۇرۇپ كىيىدىغان ئەنئەنىۋى مۇراسىم كىيىمى بولۇپ، ئۇ جۇۋانچە كۆڭلەك، ئاق ياغلىق ۋە كىچىك تەلپەك بىلەن بىر يۈرۈش قىلىپ كىيىلىدۇ. بەزىلەر پەرىجىنىڭ مەنىسىنى پەرىجە يەنى پىر-ئۇستازچە دېگەن سۆز دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر پەرەنجە ياكى پەرىچە دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇز جەھەتتىكى بۇزۇلۇشىدىن كەلگەن دەپ ھېسابلايدۇ. بۇرۇن باپكارلار چاق بىلەن ئىگىرىپ توقۇغان يەرلىك چەكمەن (بوز چەكمەن) ۋە مەجنۇن چەكمەنلەر قارا رەڭدە بويىلىپ، ئۇنىڭدىن پەرىجە تىكىلگەن. بۈگۈنكى كۈندە پەرىجە قارا رەڭدىكى گۈللۈك ۋە گۈلسىز قارا تاۋار (يىپەك) رەختلەردىن ئويما يەڭ قىلىپ تىكىلىدۇ. پەش، ياقا، ئاياغلىرىغا ھەم يەڭ ئۇچىغا ئۈچ سانتىمېتىر كەڭلىكتە چاچرەڭ پەرداز تۇتۇلىدۇ. پەرىجىگە تۈگمە، بەلۋاغ ئورنىتىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول كۆكرەك قىسمىغا يەتتە دانىدىن جەمئىي 14 دانە تارغاق شەكىللىك چاچ رەڭ جىيەك تىكىلىدۇ. ئوڭ ۋە سول كۆكرەككە تىكىلگەن تارغاقلار بىر-بىرىگە ئۇدۇل بولىدۇ. پەرىجىنى كىيىش تەرتىپى ئادەتتە ھازىردار بولغان ئائىلىدىكى بويىغا يەتكەن قىزلاردىن تارتىپ مومايلارغىچە ھەممىسى كىيىدۇ. پەرىجە كىيگەن ئاياللار چوقۇم كىچىك تەلپەك كىيىشى لازىم. دوپپا كىيىپ تۇرۇپ پەرىجە كىيىشكە بولمايدۇ. توي-تۆكۈن، ھېيت-بايراملاردا چوڭراق مويسىپىت ئاياللارنىڭ ھەممىسى پەرىجە كىيىدۇ. يېقىندىن قۇدا بولۇشقان ھەر ئىككى تەرەپ توي كۈنى بىر-بىرىگە پەرىجە سوۋغا قىلىشىدۇ. ئاي گۈللۈك خالىغەندە تىكىلگىنى پەرىجىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. بېشىغا كىچىك ياغلىق ئارتىپ، ئۇزۇن پايپاق كىيىپ پەرىجە كىيىشكە قەتئىي بولمايدۇ. مەيلى ياش چوكانلار بولسۇن ياكى ياشانغان ئاياللار بولسۇن پەرىجە كىيىش ئۈچۈن چوقۇم بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتىپ كىچىك تەلپەك كىيىشى ھەم ئۇنى مۇراسىمدا كىيىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**جۇۋانچە كۆڭلەك**

جۇۋانچە كۆڭلەك (ئىزمىلىك كۆڭلەك دەپمۇ ئاتىلـ

دۇ) قىزىل ۋە يېشىل رەڭلەردىن باشقا ھەر قانداق رەڭدىكى سىدام رەختلەردىن تىكىلىدۇ. پاسونى تۈز شەكىلدە بولۇپ، قولتۇق قىسمى كەڭرەك بولىدۇ. كۆڭلەكنىڭ مەيدە قىسمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا چاك ئېچىلىپ، ئىككى تەرىپى ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتە جىگەر رەڭ مەشۇت يىپ بىلەن چىرايلىق قىلىپ كەشتىلىنىدۇ. ئوڭ مەيدە تەرەپ قىسمىغا پورەڭ يىپەك يىپتا توقۇلغان، كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا يەتتە دانە تارغاق شەكىللىك چاچرەڭ جىيەك ئورنىتىلىدۇ. بۇ شەكىل جەھەتتە پەرىجىنىڭ تاقىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن، پەرىجىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە بولىدۇ. جۇۋانچە كۆڭلەكنىڭ پەقەت ئوڭ تەرىپىدىلا بولىدۇ. كىرىيەدە مەخسۇس پەرىجە ۋە جۇۋانچە كۆڭلەككە تاقا تۇتۇپ ساتىدىغان كىشىلەرمۇ بار.

كىيىش تەرتىپى ئومۇمەن ئىككى باللىق بولغان، جۇۋان يېشىدىن ھالقىغان يەنى جۇۋانلىققا قەدەم قويغان ئاياللار، ياشانغان ئاياللار كىيىدۇ.

### 3. يېمەك-ئىچمەك ئادىتى

دەريا بويىلىقلار تارىختىن بۇيان تەبىئىي يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ئادەتلەنگەن، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، تەمى ئاچچىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن خالىي بولۇپ كەلگەن. ئۇلار بۇنداق يېمەكلىكلەرنىڭ قۇۋۋىتى يوق، ئاشقازان ۋە قاننى بۇزۇپ سەپرا پەيدا قىلىدۇ دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا كۆكتات ۋە مېۋە تۈرىدىكى يەل-يېمىشلەرنى ناھايىتى ئاز ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ دەريا بويىدا مۇشۇ خىل يەل-يېمىشلەرنىڭ ئازلىقىدىن بولسا كېرەك. دەريا سۈيى ۋە قۇدۇق سۈيىنىڭ فىتور تەركىبى نىسبەتەن يۇقىرى بولغاچقا، تاماققا تۇزنى ناھايىتى ئاز مىقداردا ئىشلىتىدۇ. چايغا قەنت ياكى ناۋات سالىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا چاي تۇزلۇق بولۇپ قالىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئىلگىرى بېلىق يېيىشكە ئانچە ئادەتلەنمىگەن، پەقەت 90-يىللاردىن كېيىن بېلىق يېيىشكە ئومۇميۈزلۈك ئادەتلەنگەن. بەزىدە گۆشنىڭ شورپىسىغا ۋە چايغا ئازراق توشقان زەدىكى سېلىپ ئىچىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مۇشۇنداق بولغاندا ئادەمنىڭ سوغۇقى ئېشىپ كەتمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى لۇمەن (لەغمەن)، كۆمەچ، تاز كۆمەچ، پوكو، ئۆچكە گۆشى، تۆگە گۆشى، تالقان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدۇ.

### كۆمەچ

كۆمەچ تارىختىن بېرى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ يېمەكلىكى ئىچىدە ئاساسلىق يېمەكلىك بولۇپ كەلگەن. ھازىرغا قەدەر دەريا بويى، چىرا ناھىيەسىنىڭ دامكۇ، نىيە ناھىيەسىنىڭ ياۋا تۇڭگۇز، قاپاق ئاسقاندىكى خېلى كۆپ ساندىكى چارۋىچىلار كۆمەچنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلىپ كەلمەكتە. دامكۇدا «گۇلخان ئانا كۆمەچى» توغرىسىدا رىۋايەت تارقالغان. بۇ يەردە دېيىلىشىچە، ئوچاق كۆمىچى بۈگۈنكى دەريا بويىلىقلارنىڭ ئوزۇقلۇقى ئىچىدە %90نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر كۈنى كۆمەچسىز ئۆتمەيدۇ. دەريا بويىدىن ئىبارەت بۇنداق زېمىنى كەڭ، قۇملۇق بىلەن بوستانلىق گىرەلىشىپ كەتكەن جايدا كۆمەچ ھەم ئۆي تامىقى، ھەم دالا تامىقى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. يەرلىك كىشىلەر كۆمەچنى قۇۋۋەتلىك، قورساقنى ئاسان ئاچۇرمايدۇ، قايسى ئورۇندا بولساڭ شۇ يەردە پىشۇرۇپ يېيىشكە ئەپلىك، پوتىغا چېگىپ ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق دەپ قارايدۇ. دەريا بويىدا كۆمەچ راسلىنىش شەكلىگە ئاساسەن پېتىر كۆمەچ، ئۆلەگ كۆمەچ، سوقتا كۆمەچتىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قازاندا پىشۇرۇلىدىغان تاز كۆمەچ، قىيمىلىق كۆمەچ، قۇيماق، چىگدەك كۆمەچ قاتارلىقلارمۇ بار. خېمىرنى يۇغۇرۇپ بوپلا كۆمۈلگىنى پېتىر كۆمەچ، خېمىر بولدۇرۇلغاندىن كېيىن كۆمۈلگىنى ئۆلەگ كۆمەچ، ئىچىگە قىيما سېلىنىپ كۆمۈلگىنى سوقتا كۆمەچ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىلدىكى كۆمەچ-



www.uyghurkitap.com



لەرنىڭ پىشۇرۇلۇش ئۇسۇلى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئوچاق ياكى خالىغان پاكىز قۇمغا ئوت قالاپ، قۇم قىزدۇرۇلغاندىن كېيىن تەكشى يېيىلغان خېمىر تاشلىنىپ، ئۈستى قىزىق قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ چوغ تارتىلىدۇ. چوغنىڭ خېمىرغا تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىنىلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا كۆمەچ كۆيۈپ كېتىدۇ. ئىلگىرى دەريا بويىدا توي-تۆكۈنلەردە پولۇ (يەرلىك كىشىلەر قۇيغاش دەپمۇ ئاتايدۇ) ئېتىلمەي ئۈچ-تۆت نەپەر ئايال مەخسۇس ئىككى-ئۈچ سائەتتە تەييارلىغان ناھايىتى چوڭ كۆمەچ كۆمۈلۈپ، مېھمانلارغا قويۇلغان. بۇنداق چوڭ كۆمەچنىڭ بەزىلىرىنىڭ دىيامېتىرى بىر مېتىر ھەتتا ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان. ھازىر دەريا بويىدا بۇنداق چوڭ كۆمەچلەر ئاساسەن كۆمۈلمەيدۇ. لېكىن ئۇلار كۆمگەن ھەر قانداق كۆمەچ يەنىلا باشقا جايلاردىكى كۆمەچتىن خېلىلا چوڭ. دەريا بويىغا بارغان ھەر قانداق كىشىنىڭ كۆمەچكە ئېغىز تەگمەيدىغىنى ئاز. ئەمما پېتىر كۆمەچ تەس ھەزىم بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئېغىر تاماق دەپ ھېسابلايدۇ. كۆمەچ پىشۇرۇشقا توغراق ئوتۇنى ئىشلىتىلىدۇ. سوۋۇپ قالغان كۆمەچ ھەم تۇزلۇق، ھەم ئاسان قېتىپ قالىدۇ. ئادەتتە چارۋا باققىلى ياكى سەپەرگە چىققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆمەچنى پۇتىسىغا ئوراپ ئېلىۋالىدۇ. دەريا بويىلىقلار ھازىرغا قەدەر ئۆيىگە كەلگەن مېھماننى ئالدى بىلەن كۆمەچتە مېھمان قىلىدۇ. شۇڭا دەريا بويىغا بارغانلار «بىر يىللىق كۆمەچىمنى يەپ بولدۇم» دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

## پوكو

پوكو دەريا بويىدىكى چارۋىچىلار خېلى ئۇزاق مەزگىل ئىستېمال قىلىپ كەلگەن قوناق تائامى بولۇپ، 1990-يىللاردىن كېيىن ئاساسەن ئىستېمالدىن قالغان. پوكو ئادەتتە قوناق ئۇنىنى يۇغۇرۇپلا خېمىرى يۇمىلاق ياكى ئازراق سوزۇنچاق ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ كۆمەچكە ئوخشاش قۇقاستا پىشۇرۇلىدۇ. بەزى پوكولارنىڭ خېمىرىغا گۆش، چىگىدەك، پىياز ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇرۇنقى دەۋرلەردە بۇغداي ئۇنى ناھايىتى قىس بولغاچقا، چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پوكو يېيىشكە ئادەتلەنگەن. كېيىن پوكونىڭ ئورنىنى كۆمەچ ئىگىلىگەن. ھازىرمۇ قىسمەن نامرات ئائىلىلەردە پوكو كۆمۈپ يەيدىغان ئەھۋال بار. لېكىن ئۇلار ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلاردىن پوكولىرىنى يوشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قوناق ئۇنى تائاملىرىدىن سىقماق، ئوماچ، شۆگۈتماق يېمەك ئادىتىدە ھازىرمۇ ساقلانغان.

## تالقان

تالقان دەريا بويىلىقلارنىڭ دالا تامىقى بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى يايلاق، چۆل-جەزىرە، سەپەر ئۈستى قاتارلىق تاماق راسلاپ يېيىش شارائىتى يوق جايلاردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. تالقاندىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى يېمەكلىك قازاندا قىزىتىلغان قوي ياكى ئۆچكە مېيى ئۈستىگە بۇغداي ئۇنى ئاز-ئازدىن چۈشۈرۈلۈپ، قورۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە مۇۋاپىق مىقداردا شېكەر، كۈنجۈت، ياڭاق مېغىزى سېلىنىپ ئۇن سارغايغىچە قورۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. تالقان تەييارلاش ۋە ئۇنى كاپ ئېتىش دەريا بويىدا ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان ئادەت بولۇپ، كېيىن قاتناش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئاستا-ئاستا ئىستېمالدىن قالغان.

## 4. ئولتۇراقلىشش ئادىتى

دەريا بويىنىڭ ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، قۇم-بوران ئاپىتى كۆپ، ھاۋاسى قۇرغاق، تۆت ئەتراپى قۇملۇق، تەبىئىي شارائىتى ناچار بولغاچقا، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى مۇشۇ تەبىئىي مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇلۇپ، دەريا، كۆل، يول، توغراقلىق، يايلاق ۋە دۆڭلەرنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە سېلىنغان. بۇ يەردىكى چارۋىچىلار يېقىنقى زامانغا قەدەر سۇ، يايلاق قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، كۆپىنچە ساتما ئۆيلەردە ئولتۇراقلىششقا ئادەتلەنگەن.

## ساتما

ساتما ئادەتتە ياسىلىش شەكلىگە قاراپ كۈزلەك، كۈزلۈك ساتما، يازلىق ساتما ۋە قىشلىق ساتما دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە كۈزلەكنىڭ ياسىلىشى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، تۆت دانە بادرا يەرگە چوڭقۇر قېقىلىپ، ئۈستى قومۇش ۋە شاخ-شۇمبىلار بىلەن يېپىلىدۇ. ئۇ ئېگىزرەك جايلارغا ياسىلىپ چارۋىلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. يازلىق ساتما تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، تۆت تەرىپى يۇلغۇن قومۇش بىلەن ۋادىكلەنگەن، ئۈستى بورا، پالاك ۋە قومۇش بىلەن يېپىلىدۇ. قىشلىق ساتمىنىڭ ياسىلىشى يازلىق ساتما بىلەن ئاساسىي



جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، تۆت ئەتراپى سامان ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لاي بىلەن سۇۋالغاندىن باشقا يەنە ئۈستى تەرىپى قېلىن توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ. كۆلەم جەھەتتە يازلىق ساتمىدىن سەل چوڭراق قىلىپ ياسىلىدۇ. قىشلىق ساتمىنىڭ ئىچىگە مورىلىق ئوچاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تاۋىدانىغا جىن چىراغ، كىچىك قۇتۇلۇق نەرسە - كېرەكلەر تىزىلىدۇ. قىشلىق ساتمىدىكى ئاسقۇلارغا خۇرجۇن، كىيىم - كېچەك ئېسىپ قويۇلىدۇ. توغراق ياغىچىدىن ياسالغان، جاۋەن - ساندۇقلارنىڭ ئۈستىگە يوتقان - كۆرپە تىزىلىدۇ. ساتما ئىچىگە يەنە ئەۋرەز ياسىلىدۇ. قىشلىق ساتمىنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىغا تۇرمۇشقا كېرەكلىك كاسا، تەگنە، سۇغا، ئەلگەك، چىغىرىق، چاق، سۈپۈرا - تاختا قاتارلىق بۇيۇملار قويۇلىدۇ.

**هازىرقى ئۆي شەكلى**

دەريا بويىدىكى چوڭلارنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، بۇ يەردە هويلا، يازلىق ساتما، ئايۋان، دالان، قازناق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن هازىرقىدەك ئۆي شەكلى خېلى بۇرۇن بارلىققا كەلگەن. ئۆي ئەتراپىغا ئېغىل - قوتان ياسالغان. 1990 - يىللاردىن كېيىن دەريا بويىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. كېرىيەچە ئۇسلۇبتىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى دەريا بويىدا ئومۇملىشىشقا باشلىغان. چارۋىچىلار قۇشام تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن كېرىيەچە ئۇسلۇبتىكى ئۆيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى ئۆيلەرنى سالغان. ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلغان. ھەتتا بەزى هال - ئەھۋالى ياخشىراق ئائىلىلەردە ئىككى - ئۈچ ئاسماقلىق ئۆيلەر، ۋاسا جۈپ ئۆيلەر ياسالغان. هازىر ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى ئاساسەن هال (هويلا) ساتمان، ئايۋان، ساراي، قىشلىق



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com







ئۆي ۋە قازناقتىن تەركىب تاپقان. بەزى ئائىللەردە ئايۋاننىڭ ئىچكىرىسىگە دالان چىقىرىپ ئۆيلىرىنى دالان بويلىتىپ سالدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. ئادەتتە ئۆي ۋە ھويلىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى كەم دېگەندىمۇ بىر مودىن ئارتۇق كېلىدۇ.

## قۇشام ئۆينىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى

دەريا بويىدىكى ئاھالىلەر ئۆينىڭ ئالدىغا توغراق، يۇلغۇن، قومۇش بىلەن قۇشۇمدالغان ئېگىزلىكى يېرىم مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان قاشا تۇتىدۇ. بۇ قاشانىڭ كىرىش ئېغىزى ئەتراپىغا توغراق بادىرىسىدىن چىرايلىق سالاسۇن ياسايدۇ. بۇ سالاسۇندىن ئاتلاپلا ھالغا (ھويلىغا) كىرگىلى بولىدۇ. ھويلىنىڭ ئىچىگە كۆپ ھاللاردا ساتما ياكى ئايۋان تېمىغا يانداشتۇرۇپ سۇكە چىقىرىلىدۇ. سۇكىگە يوغان توغراق دەرىخى قۇشۇمدىلىدۇ. ساتما ئادەتتە ئايۋان تېمىغا يانداشتۇرۇلۇپ سېلىنىدۇ. ئاھالىلەر ساتمىنى ئاش - تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەندىن سىرت، يەنە زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قويۇپ كۈندىلىك تۇرمۇشنى كۆپرەك مۇشۇ ساتمىدا ئۆتكۈزىدۇ. ساتمىنىڭ تېمى يۇلغۇن، قومۇش بىلەن ۋادەكلىنىپ ياسىلىدۇ، ئۆگزىسى كۆمۈلمەيدۇ، ئوچاقنىڭ ئۇدۇلىغا تۈڭلۈك قويۇلىدۇ.

## قۇشام ئۆينىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى

ساتمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوچاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئوچاقنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن بىر يېرىم مېتىرغىچە، چوڭقۇرلۇقى 20 - 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئوچاقنىڭ چۆرىسى سېغىز لاي بىلەن سۇۋۇلۇپ، ئىچىگە پاكىز قۇم قويۇلىدۇ. ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم ئوچاقنىڭ قۇمى ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرۇلىدۇ. دەريا بويى ئاھالىسىنىڭ ئۆزگىچە يېمەكلىكى ھېسابلانغان كۆمەچ مانا مۇشۇ ئوچاقتا پىشۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ساتما ئۆيلەرگە موردىلىق ئوچاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ئېھتىياجغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ. دەريا بويى ئاھالىسى كۆپىنچە تونۇشلۇق مېھماننى مۇشۇ ساتمىغا باشلاپ كۆمەچ قاتارلىق يېمەكلىك بىلەن مېھمان قىلىدۇ. مەيلى ئايۋان، ساراي، دالان ئۆي ياكى قىشلىق ئۆي بولسۇن ھەممىسى كەڭرى، ئازادە، يورۇق ھەم پاكىز. گەرچە بەزى ئۆيلەر كىشىگە ئار تۇقچە بىلىنىسمۇ، لېكىن ئۇ كۆپىنچە ھالدا كوللېكتىپ خا-

راكتېردىكى مېھمانلار ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان.
ھەممە ئۆيگە ئون نەچچە، ھەتتا 20 نەچچە يۇرۇش
يوتقان- كۆرپە زاپاس قويۇلغان.

## سېلىشتۇرما بايان

دەريا بويلىقلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتى تارىم
ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئا-
دىتى ئاساسىدا بۈگۈنكىدەك ھالەتكە يەتكەن. ھازىرقى
دەريا بويى بوستانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان
ئۆيلەر بىلەن قەدىمكى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىكى
كونا ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقى ئاران بەش- ئون كىلومېتىر كې-
لىدۇ. مانا بۇ سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن
تىرىك پاكىت بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئەينى ۋاقىتتا
تارىمدىكى قەدىمي خارابىلەردە تارتقان سۈرەتلەر، ئېلە-
مىز، جۇملىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تارىخ، مەدەنى-
يەت ۋە ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ خارابىلىكلەر توغرى-
سىدىكى يازما ئۇچۇرلىرى، جۇڭگو- فىرانسىيە كېرىيە
دەريا ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش بىرلەشمە
ئەترىتىنىڭ يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرىدىكى بايقاشلىرى،
شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ بۇ قەدىمي شەھەرلەردە كۆرگەنلى-
رىم ئاساسىدا قەدىمكى ئۆيلەر بىلەن ھازىرقى دەريا بويى-
دىكى ئۆيلەرنىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقىنى دەسلەپكى قە-
دەمدە سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تۆ-
ۋەندىكى بىر قانچە بايقاشقا ئېرىشتىم.

### قارا دۆڭدىكى سۇپا

(1) تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان قەدىمي شەھەرلەر-
دىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى يەرگە ئورنىتىلغان
توغراق تۈۋرۈكنى ئۆينىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى قىلىپ،
تۈۋرۈكلەرنىڭ چېتىق ئارىسى قومۇش، يۇلغۇنلار بىلەن
توقۇلۇپ سامان ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لاي بىلەن سۇۋال-
غان. توغراق بىلەن يۇلغۇن ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنغان.
ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە بالا تىزىلىپ ۋاسا تىزىلغان، ئۈستىگە
بورا ياكى پاخال قويۇلۇپ توپا كۆمۈلگەن. يەرلىك كىشى-
لەر بۇنداق تاملارنى قۇشام تام، مۇشۇنداق ياسالغان ئۆي-
لەرنى قۇشام ئۆي دەپ ئاتىغان. ئۆي ئىچىگە ئوچاق،
كۇلاك، تاۋادان، تەكچە، ئاسقۇ، سۇپا (سۇكە)، ھاۋادان،
جاۋەن، ساندۇق، پەلتەك، ئىلگۈچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.
سۇپىنىڭ قىرىغا توغراق شال ياتقۇزۇلغان، سۇپا ئۈستىگە
بورا سېلىنىپ كىگىز سېلىنغان. نىيە خارابىسىدىكى كاتتا ئۆي-
لەكتە بىر ئېغىز ئۆي ئىككى ئاسماق قىلىپ ياسالغان.
بۇنداق قۇشام ئۆيلەرنى دەريا بويىدىن ھازىرمۇ تاپقىلى
بولىدۇ. بۈگۈنكى دەريا بويلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇشام
ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، لېكىن بۇ ئۆيلەر بۇرۇنقى كونا ئۆي-
لەرگە قارىغاندا تەرەققىي قىلغان.

### دەريا بويىدىكى سۇپا

(2) قەدىمي شەھەردىكى ئۆيلەر بىلەن دەريا بويى-
دىكى ئۆيلەرنىڭ مۇرا- ئوچاق، سۇپا، توغراقتىن ياسالغان
تۈرمۈش لازىمەتلىكلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشلىقتا
ئىگە.

(3) مەيلى قەدىمكى ئۆيلەر بولسۇن ياكى ھازىرقى
دەريا بويىنىڭ ئۆيلىرى بولسۇن، ھەممىسى تارىم ئويمان-
لىقىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ سېلىن-
غان. ئۆيلەرنىڭ ئالدى كۆپىنچە جەنۇب ياكى شەرق تە-
رەپكە قارىتىلغان. بۇ ئېھتىمال غەربىي شىمال تەرەپتىن
كېلىدىغان قۇم- بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن
شۇنداق ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تارىختا تارىم
ئويمانلىقىدىكى ئاقما قۇملار شامال ۋە بوراننىڭ تەسىرى-
دە شەرقىي شىمال يۆنىلىشتە كۆچۈپ، تارىم ئويمانلىقى-
نىڭ غەربىي شىمال تەرىپى ئېگىز، شەرقىي شىمال تەرىپى
پەس بولۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا تارىم دەر-
ياسىغا قۇيۇلىدىغان چوڭ- كىچىك دەريا- ئېقىنلار ئېقىن
ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلگەندە دائىم شەرقىي شىمال يۆ-
نىلىشكە قاراپ ئېقىن ئۆزگەرتكەن. قەدىمكى ئەجدادلىرى-
مىز خېلى بۇرۇنلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇ-
ھىتىنى چۈشەنگەن ھەم بۇ جاينىڭ مۇھىتى ۋە ئۆزگىچە
جۇغراپىيەلىك رايون ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئەن-
ئەنىۋى ئولتۇراق ئۆي ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن.

(4) يەر تەۋرەش، قۇم - بوران قاتارلىق تەبىئىي
ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك قىلىپ ياسال-
غان. تارىم ئويمانلىقىدىكى بەزى قەدىمكى ئۆيلەر ئارى-
دىن نەچچە مىڭ يىل ئۆتسىمۇ، نابۇت بولماي ساقلىنىپ
كەلگەن. يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە تارىم ۋە ئۇنىڭ ئەت-
راپىدىكى بەزى جايلاردا كۆرۈلگەن كۈچلۈك يەر
تەۋرەش ئاپىتىدە دەريا بويىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرەرسىمۇ
ئۆرۈلۈپ كەتمىگەن ياكى بۇزۇلمىغان.

(5) يازدا ھاۋاسى سالقىن، قىشتا بىر قەدەر ئىللىق.

www.uyghurkitap.com



ھەر يىلى 7-، 8-ئايلاردا دەريا بويى تونۇردەك قىزىپ كېتىدۇ. لېكىن، ھەر قانداق بىر ئۆيگە كىرسىڭىز ئۆينىڭ شۇنچە سالقىنلىقىنى ھېس قىلالايسىز، قىشتا ئىللىق تۇردۇ. بۇ دەريا بويىلىقلارنىڭ ئۆي سېلىش جەھەتتىكى يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(6) دەريا بويىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەر قەدىمكى تارىم ئاھالىسىنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان كىشلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە ھۈنەر-سەنئىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. ھەتتا بەزى جايلاردا قۇشام ئۆيلەرنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاپ يوقىلىش ھالىتىگە بېرىپ قالدى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، دەريا بويى ئاھالىسىنىڭ قۇشام ئۆيلىرى %100 لىك ھالەتتە ساقلىنىپ كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ قۇشام ئۆيلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**5. ھۈنەر-كەسىپ ئادىتى**

**يۇڭ يىپ ئېگىرىش:** دەريا بويىدا يۇڭ يىپ ئېگىرىش بىر قەدەر كەسىپلەشكەن، ئىلگىرى ھەممە ئائىلىدىكى ئاياللار دېگۈدەك قولدا يۇڭ يىپ ئېگىرىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار يۇڭ يىپ بىلەن ئارغامچا، شوينا قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلىغان. لېكىن ھازىر يۇڭ يىپ ئېگىرىشنى بىلىدىغان ھەم بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئايالالار ئازلاپ كەتكەن.

**تېرە ئاشلاش:** دەريا بويىدا تېرە ئاشلاش بىر قەدەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە، تىرىكچىلىك كەسىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم ئۇستىلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلارنىڭ تېرە ئاشلاش مەشغۇلاتى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ: تېرە سانى 10-15 كە يەتكەندە بۇ تېرىلەرنى بىر كۈن كۆلچەككە چىلاپ يۇيۇپ تازىلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تېرىنى قۇمغا يېيىپ قۇرۇتۇپ ئىككى يۈزىنى تۈزلايدۇ، لېيىنى ئېلىۋېتىپ شور سۇيىگە ئۇچتە بىر نىسبەت بويىچە بۇغداي ۋە قوناق ئۇنى چىلىنىپ ئۇماچلىنىدۇ. تېرىلەرنىڭ چەمى (يۇڭلۇق تەرىپى) تېشىغا قاتلىنىپ يامدا ئېچىلتىلىدۇ. ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم مالتىلىنىپ، تولۇق ئاش يېدۈرۈلىدۇ، تاكى تېرە سارغىيىپ ئاشلانغانغا قەدەر يامدا تۇرىدۇ. 20-30 كۈنگە قەدەر تېرە ئاشلىنىدۇ، ئاشلانغان تېرە قۇرۇتۇلۇپ تازىلانغاندىن كېيىن يۇمشىغىچە سۇ پۈركۈپ ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ، كېيىن ئەيلىنىپ تاختىلىنىدۇ، ئاخىرىدا قۇرۇتۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ. دەريا بويىدا تېرىنى خام ماتېرىيال قىلىپ ئىشلەنگەن كىيىملەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. 1980-يىللىرى دەريا بويىنىڭ تېرىم دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق شېرىپ پىر-پىر دېگەن كىشى ھەر خىل تېرە كىيىملەرنى تىكىشكە ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، تونۇلغان جۇۋىچى ئىدى، ئۇ تىككەن نۇرغۇن تېرە كىيىملەر ھازىرغىچە چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**ئىلمىچىلىك:** بۇ يەردىكى بەزى ئاياللار ئىلمىچىلىككە ناھايىتى ئۇستا، ئۇلار بوش ۋاقىتلاردا يىڭنە بىلەن ئىشتان، پايپاق، ياستۇق، قول ياغلىق قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ پۇشقىقىنى ئىلمىگە ئالىدۇ، ئانا بولغۇچى قىزىغا يەتتە ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئىلمىچىلىكنى ئۆگىتىدۇ.

**خارەتچىلىك:** دەريا بويىدا خارەتچىلىك خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ يەردىكى چارۋىچىلار قۇشام ئۆيلەرنى سىرتتىن خارەت تەكلىپ قىلماي، ئۆز ئارىسىدىكى خارەتلەرگە تايىنىپ سالغان. يەرلىك خارەتلەر يەنە قۇرۇق توغراقتىن سۇغا، نوگاي، كۈپ، تەڭنە، كاسا، جاۋەن-ساندۇق قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياسىغان.

**كىگىزچىلىك:** دەريا بويى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، بۇ يەردىن قوي يۇڭى بىلەن ئۆچكە يۇڭى (چۇپۇر) كۆپ چىقىدۇ. يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە ئىلگىرى كىگىزچى ئۇستىلار خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل كىگىزلەرنى ئىشلەپ چىقارغان، بۇنىڭغا ئەگىشىپ سەرگەزچىلىكمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان.

**سوپۇنچىلىق:** ئىلگىرى دەريا بويىدا سوپۇنچىلىق كەسىپى بىلەن شۇغۇللانغان ئاز بىر قىسىم كىشلەر ئۆتكەن. ئۇلار چىگىدەك (جىگىرتەك) چىقمايدىغان ئۆچكە يېغىغا شاخار، ھاك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاددىي، زەھەرسىز سوپۇنلارنى ياسىغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ يەردە قاسساپچىلىق، ساتىراشلىق، سېۋەتچىلىك كەسپىمۇ خېلى ئومۇملاشقان.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت پونكىتىدا)

# يارىم خۇماكۆز



ئېگىز دۆڭگە چىقىپ مەن،
سالغام بىلەن تاش ئاتتىم.
شۇنچە قىزنىڭ ئىچىدىن،
مەن يارىمغا قاش ئاتتىم.

ئېگىز تامغا تاش ئاتتىم،
چىرايلىققا قاش ئاتتىم.
چىرايلىق ئۇخلاپ قالسا،
قوۋۇز چېلىپ ئويغاتتىم.

ئېگىز ئۆگزىگە چىقىڭ،
قولىڭىزنى مەن تارتاي.
بارچە ئويۇننى سىز ئويناڭ،
دەردىڭىزنى مەن تارتاي.

ئېگىز تاغقا مەن چىقتىم،
يول تېپىپ چۈشەلمىدىم.
چىرايىڭغا كۆيدۈم مەن،
ۋەسلىڭگە يېتەلمىدىم.

ئىشىك ئالدى ئېرىقىم،
پىلدىرلايدۇ بېلىقىم.
قايەرلەردە يۈرىسەن،
مېنىڭ بىچارە غېرىبىم.

ئېرىقتىكى لاي سۇنى،
كۆلگە باشلىماڭ يارىم.
ئەقلى ھوشىڭىز بولسا،
بىزنى تاشلىماڭ يارىم.

ئېرىق بولسا كەڭ بولسا،
سۇنى قويسا تاشمىسا.
يار بولسا لېۋەن بولسا،
سۆيۈپ قويسا قاچمىسا.

ئېرىق بولسا كەڭ بولسا،
قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ.
يار بولسا لېۋەن بولسا،
كۆڭلى تاغدەك ئۆسمەمدۇ.

ئۆگزەڭدىكى قومۇشنى،
مەن دەسسەپ ئۆتەرمەنمۇ.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
ئۆلگىچە يۈرەرمەنمۇ.

ئۆگزەڭگە چىقۋاپسەن،
يەر تۆۋىنگە قاراپ.
ئىشىكىڭدىن ئۆتتۈممەن،
بۇلبۇلۇك بولۇپ سايراپ.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇڭ ئاغرىمىدىكىن يايرىم.
ئوتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئىچىڭ ئاغرىمىدىكىن يايرىم.

www.uyghurkitap.com



ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى خامان،
خاماندا ئۈچدۇ سامان.
نادانلار بىلمەيدۇ،
كۆيۈك ئوتى بەك يامان.

ئۇياقمۇ ئۆتەشىم بار،
بۇياقمۇ ئۆتەشىم بار.
سەن قارىمساڭ يارىم،
قۇرغۇيدەك ئاداشىم بار.

ئۆيدىن ئاتلىنىپ چىقىپ،
چۈشتۇم سايدىكى ئىزغا.
يارىمنى تېگىشمەيمەن،
ئون بەش ياشتىكى قىزغا.

ئۆزۈن سايدىن سۇ كېلەر،
تاشقا تېگىپ شارقىراپ.
مېنىڭ يارىم كېلىدۇ،
مەرۋايىتتەك پارقىراپ.

ئۆزى ئاق كۆڭلى قارا،
نېمىلەر قىلدىڭ ماڭا.
قىلغىنىڭ يادىڭدا تۇرسۇن،
مەنمۇ قىلارمەن ساڭا.

ئوتمۇ بۇ، ئاتەشمىدۇر؟
قايدىن تۇتاشتى ئوت ماڭا.
مەندىكى ئوتنى ئېلىپ،
پەرۋەردىگار سالسۇن ساڭا.

ھوشۇق ئاتسام كەلسكەن،
ئۇتتۇۋالسام بەرسكەن.
يىراقتىكى يارىمغا،
خەت ئەۋەتسەم كەلسكەن.

ئولتۇرۇپ يىغلاپ ئىدىم،
يىغلىما يارىم دېمىدى.
قولىغا ياغلىق ئېلىپ،
يېشىمنى ئېرتاي دېمىدى.

ئۇ كوچاڭدا سەن تۇرساڭ،
بۇ كوچاڭدا مەن تۇراي.
قىزىلگۈلى سەن بولساڭ،
يوپۇرمىقى مەن بولاي.

ئوڭ قولۇمدا ئاي پالتا،
بوسۇغاڭنى كولايمەن.
ئاخشاملىقتا بارغاندا،
ناۋاتخان دەپ توۋلايمەن.

ئۇ مەھەللەڭمۇ قورايلىق،
بۇ مەھەللەڭمۇ قورايلىق.
ھەممە كىشىنىڭ يارىدىن،
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

بارمىغاچقا،كەلمىگەچكە،
يار مېنى يېگانە دەر.
باشىدىن پەرۋانە بولسام،
ساق ئەمەس، مەستانە دەر.

باغقا كىرمەك ئاساندۇر،
شورا بولغاندىن كېيىن.
يارنى سۆيمەك ئاساندۇر،
مەيلى بولغاندىن كېيىن.

باغقا كىرىپ ئالما يەڭ،
ھەممە ئالمىسى بىزنىڭ.
كۆڭۈل بەرسىڭىز يارىم،
جاندىن ئۆزگىسى سىزنىڭ.

باغقا بۇغداي تېرىسام،
بەلۋاغقا كەلدى بۇغدىيىم.
ئەمدىگىنە يار تۇتسام،
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

باغقا كىرسەم بۇلبۇللار،
مەن تەرەپتە سايرايدۇ.
جېنىمغىنە شۇ يارىم،
قىزىلگۈلدەك پۇرايدۇ.

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
بىر تال ئالدىم غوراڭدىن.
ئانىسى يامان خوتۇن،
ئايرىۋەتتى جورامدىن.

باغ ئارىلاپ شاخ ئارىلاپ،
تەگكەن ئوتنىڭ سانى يوق.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ،
دەردى بار، ئەتىۋارى يوق.

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
تار كوچىغا چۈشۈپتۇ.
شۇنچە قىزنى ياراتماي،
سىزگە كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.

باغىم بارۇ باغىم بار،
زىغىرلىقتا زاغۇن بار.
كىمنىڭ قىزى چىرايلىق،
شۇنى بېرىپ ئالغۇم بار.

باغىڭدا گۈلۈڭ بولسام،
بېشىڭدا چېچىڭ بولسام.
باغقا سۇغا كىرگەندە،
ئاياغىڭدا سۇيۇڭ بولسام.

بېغىڭغا كىرىۋېلىپ،
ئۆرۈك ئىرغىتاي يارىم.
ناخشامغا قوشۇۋېلىپ،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

باغىڭغا كىرىپ باقسام،
شاپتۇلۇڭ ئەجەب شاخلىق.

ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ،
سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق.

باغۇەن باغقا قاراڭ،
ئالمىنى يات ئالمىسۇن.
باغقا كىرگەن ياخشىلار،
گۈلنى قىسالماي قالمىسۇن.

باغۇەن باغىڭنى ئاچقىن،
مەن نىگارىمنى كۆرەي.
سايىدا كۆزى خۇمار،
مەستانە يارىمنى كۆرەي.

بارسىلا بىللە بارايلى،
ئايرىلىپ قالغان يامان.
ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ،
يولدا يالغۇزلۇق يامان.

بازارلاردا بار ئىكەن،
يىشىل دۇردۇن تاۋارى.
سېنىڭ يارىڭ بار ئىكەن،
مېنى قىلما ئاۋارى.

باراڭنىڭ ئىچى سايە،
ئەترابى ئانار گۈلدۇر.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرغان،
مەشۇقۇم قارا كۆزدۇر.

بىر كىتاب ئىككى كىتاب،
يار قويىندا ئالتۇن كىتاب.
بۇ دۇنيادا بارمىكىن،
مېنىڭ يارىمدەك ئاپتاپ.

بۇلبۇل سايرىماس بولدى،
گۈلمۇ ئېچىلماس بولدى.
دۈشمەن سۆزىگە كىرىپ،
يارىم قارىماس بولدى.

بۈگۈن ئالتە، ئاتىلا يەتتە،
مېھرىبان يار كەتكىلى.
باغقا كىرسەم ئىزى بار،
تاغلارغا چىقسام شامىلى.

بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى،
مەن يارىمغا خۇمارى.

قول سېلىپ چىقىپ كەلسە،
كۆكرىكىدە تۇمارى.

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا،
چالما ئاتسا يەتمەيدۇ.
بو كوچىنىڭ قىزلىرى،
مېنىڭ يارىمغا يەتمەيدۇ.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
تېشى بار توپاسى يوق.
راستتىن كۆيمىگەن يارنىڭ،
دەردى بار ۋاپاسى يوق.

1949 ـ يىلى غۇلجىدا نەشر قىلىنغان قازاق تىلىدىكى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان تېكستى بويىچە تەييارلاندى.

**تەييارلىغۇچى: خەپىز ساتتار سالىھ**

(ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى)


# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگىچە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇنۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com





# «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە ئورنى

ئىسمائىل سەمەت

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك، مۇتەپەككۇر شائىرى، ئالىمى، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدە زور قىممەتكە ئىگە.

تۆۋەندە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە ئورنى نىسبەتەن ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بىر قانچە تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

### ئەدەبىيات ۋە تىل جەھەتتە

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم، قانۇن ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى، پەلسەپە ۋە دىن، ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىر قامۇس.

بولۇپمۇ ئىسلام دىنى قاراخانىلار زېمىنىدا ئاللىقاچان ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن ۋە ئەرەب-پارس تىللىرى ئىلىم ھەم سەنئەت ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىغان شارائىتتا، مۇئەللىپنىڭ ئانا تىلىدا گۈزەل ھەم يېنىك ئۇسلۇب بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققانلىقى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇساق دۆلەت، جەمئىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد، قانۇن، ئەخلاق، بىلىم ۋە ئەقىل توغرىسىدا ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتى ۋە ۋەزىپە - بۇرچى توغرىسىدا، ئادالەت ۋە زۇلۇم، ياخشىلىق

ۋە يامانلىق، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، ئالىيجاناپلىق ۋە
پەسكەشلىك، باتۇرلۇق ۋە قورقاقلىق، مۇھەببەت ۋە
نەپرەت، شادلىق ۋە ھەسرەت، قىسقىسى، ئىنسان ھاياتـ
نىڭ ھەممە جەھەتلىرى تۇغرىسىدا قويۇلغان مەسىلە ۋە
مۇلاھىزىلەردىن قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى قىياپىتـ
نى كۆرەلەيمىز. شائىرنىڭ شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىغا
بولغان نارازىلىقى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپ ئەقىلگە مۇۋاپىق
بىر غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدىكى ئالىيجاناپ
غايە ۋە ئىزدىنىشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. مانا مۇ-
شۇنداق باي مەزمۇننى مۇئەييەن بەدىئىي سۇژىتقا تىزىپ،
بۈيۈك بىر داستان ياكى نەزمىي دراما يېزىش ئۇيغۇر ئە-
دەبىياتىدا پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشلانغان، شۇ-
نىڭدەك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپ
دەۋرىدىلا ئىلمىي سىستېمىغا چۈشۈپ يۈكسەك تەرەققى-
يات باسقۇچىغا كىرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى
دەۋرلەردە ياشىغان نۇرغۇن يازغۇچى شائىرلار «قۇتاد-
غۇبىلىك»تىكى بۇ مەزمۇنلارنى ئۈلگە قىلغان ئاساستا
نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تېخىمۇ
راۋاجلاندۇرغان، مەزمۇننى يەنىمۇ بېيىتقان.

## قانۇنشۇناسلىق تەلىماتلىرى جەھەتتە

«قۇتادغۇبىلىك» ئەينى زامان ئىسلامىيەت دۇنياسى-
دىكى ھۆكۈمران دىنىي ھوقۇقچىلىق كۆز قاراشلىرىدا
كۆچەپ تەرغىپ قىلىنغان فېئودال ئاقسۆڭەك ۋە دىنىي
مۇتەئەسسىپلەر ھاكىم مۇتلەقلىقى بىلەن ساماۋى ئالەم
بەخت ـ سائادىتى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرگە غەرق
بولغان تەركىدۇنيا ئىستىقامەتچىلىكى تەشەببۇسلىرىغا زىت
ھالدا ئىنسانىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بەخت ـ سا-
ئادىتى ۋە دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش تەلىماتىنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىقى تارىخى-
دا دەۋر بۆلگۈچ مۇنەۋۋەر ئابىدە تىكلىدى.

داستاندا ئاپتور پادىشاھنىڭ خەلق ئالدىدىكى قانۇ-
نىي مەجبۇرىيەتلىرى ۋە مۇشۇ مەجبۇرىيەتلەر ئاساسىدى-
كى ھوقۇقى بىلەن خەلقنىڭ ئادالەتلىك قانۇن يۈرگۈزگەن
دۆلەتكە بولغان قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرىدىن ئىبارەت تا-
رىخىي قىممەتكە ئىگە پرىنسىپال تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا
قويىدۇ. مىسال:

5574 سېنىڭدە پۇقرانىڭ ھەققى ئىرور ئۈچ،
بۇ ھەقنى ئۆتە سەن ھېچ ئىشلەتمە كۈچ.
5575 بىرى، ئۆز ئىلىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت،
ئەي ئىلمىي كۆپ ئەپسەن ئايارىن كۆزەت.
5576 بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر،
بىرىدىن-بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.
5577 ئۈچىنچى، ئىمىن قىل پۈتۈن يوللىنى،
يوقاتقىن قاراقچى ۋە ئوغرىلىنى.
5579 پۇقرالار ئۆزە بەر، سېنىڭدە ئۈچ ھەققىڭ،
ئۇلاردىن سورا، ئاچ ئەمدى قۇلاقىڭ.
5580 بىرى، يارلىقىڭنى ئىزىز تۇتسالەر،
نېمە بولسا تېزدىن ئۇنى قىلسالەر
ئىككىنچى، خەزىنە ھەققىن توسمىسا،
ئەي مەردان ھەققى دەل چاغدا تاپشۇرسا.
5582 ئۈچىنچى، يېغىغا يېغا بولسالەر،
سېنى سۆيگۈچىنى ئۇ ھەم سۆيسەلەر.
5583 ئۆتۈگەن بولۇرسەن ئۆزۈڭ ھەقلىرىن،
ئۇلارمۇ ئۆتۈگەن بولۇر ئۆز ھەققىن.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن
ئالدىدا باراۋەرلىكى ئىدىيەسى تەنتەنىلىك جۈملىلەر ۋە
ئوبرازلىق مىسرالار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ،
ھوقۇق پەلسەپەسى تارىخىدا قىممەتلىك تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.
مىسال:

819 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ئەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.
817 كېرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم
يولۇچى، ئۆتكۈنچى بىرەر قونىقىم.
818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.
828 مېنىڭمۇ ھۆكمۈم شۇ، يوقالماس ئۆزۈم،
پۈتۈن خەلققە بىردەك قىلىقىم سۆزۈم.

## ئىجتىمائىي ئەخلاق جەھەتتە

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئىجتىمائىي ئەخلاققا
دائىر ئاساسىي قائىدە ۋە نىزاملارمۇ تەپسىلىي بايان قى-
لىنغان. بۇ قائىدە-نىزاملار ئەخلاقىي ھادىسە ۋە مۇناسى-
ۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدى-
غان ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك
قىلىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر-
نى تەرتىپكە سېلىپ تۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئومۇمىي
چۈشەنچىلەر بولۇپ، بۇ چۈشەنچىلەر ياخشىلىق، ياما-
نلىق، بۇرچ، ۋىجدان، شان-شەرەپ، بەخت-سائادەت قا-
تارلىق ئاساسىي مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى ۋە ئىجتىمائىي ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۆز زامانىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان بىر قاتار ئەخلاقىي بۇرچنى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئالدى بىلەن كىشىلەرنى ئەلگە ياخشىلىق قىلىش، ياخشىلىق، بەخت تەلەپ قىلىش ۋە ياخشى نام قالدۇرۇشقا ئۈندىگەن ھەمدە بۇنداق قىلىشنى ئادەم بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغان.

227 ئەگەر ياخشى بولماق تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
يورى، ياخشىلىق قىل، قوي ئۆزگە سۆزۈڭ.
1337 ھاياتنى زايا قىلما، قىل ياخشىلىق،
كېچەر كۈن ئىچىدىن ئال ئىبرەتنى جىق.
4466 ئۆزۈڭ ئۆلسەڭ ئاخىر بۇ نامىڭ قالۇر،
ئېتىڭ ياخشى بولسا، ھايات تەم بېرۇر.

ياخشىلىقنىڭ سۈپىتىنى ۋە مەقسىتىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك پەزىلەت بىلەن مەھكەم باغلىغان ھەمدە بۇنداق قىلىشتىن پەقەتلا كىشىلەرنىڭ ئۆز خەلقى ۋە ئۆز ئېلى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىجتىمائىي بۇرچى بولۇپ، بۇ بۇرچنى ئۆتىگەنلىكى ئۈچۈن ھەرگىز تەمەننا قويۇش، مىننەت قىلىش ۋە ھەق تەلەپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. مىسال:

856 ئېلىگ ئېيتتى، ياخشىلىق سۈپاتى شۇدۇر،
كى خەلققە ئۈنگىدىن پايدىلار يېتۇر.
857 قىلۇر ياخشىلىق ئۇ پۈتۈن ئېلىگە،
يەنە مىننەت ئۇرماس كىشى يۈزىگە.
858 تىلەر نەپ ئۇ ئەلگە ئۆز نەپئىن دېمەس،
يەتكۈزگەن نەپ ئۈچۈن بەدەل كۆزلىمەس.

ۋىجدان كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە بولغان بۇرچنى ئادا قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەخلاقىي ئاڭ بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى كۈچلۈك ئەخلاقىي جاۋابكارلىقنى ھەمدە ئادەملەرنىڭ مۇئەييەن ئەخلاقىي مىزان بويىچە ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى باھالاش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا بۇ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق، جانلىق ۋە ئوبرازلىق بايان قىلغان. بۇ بايانلار ئۆز زامانىسىدىلا ئەمەس بەلكى ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە رېئال قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مىسال:

863 تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇياڭلىغ بولۇرچىن ۋە توغرا كىشى.
5077 كىشىنىڭ ياماندۇر ئېيتسا يالغان،
قىلىپ ۋەدە يانغان ياماندىن يامان.
3933 كۆيۈمچانلىق ئەمەس ئۇل ئۆزىنى دېگەن،
كۆيۈمچان شۇكى، ئەل نەپئىن ئىزلىگەن.
5353 دېمە ئۆز نەپىڭ سەن، ئەل نەپئىنى دە،
ئۆزۈڭ نەپى ئەلنىڭ نەپى ئىچىدە.
6098 ئۆزۈڭ نەپى كۈتمە، خەلق نەپى كۈت،
يوكۈڭنى يۈتۈرمە ئەلگە ئۆزۈڭ يۈت.
6143 مەست قىلسا بۇ دۆلەت ئەگەر كىشىنى،
ئويغاناس، ئۆلۈم توتمىغۇنچە ئۇنى.

بولۇپمۇ ھاراقكەشلىكنى ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى، بارلىق ئەخلاقسىزلىق ھەم پىشكەللىكنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ بۇ خىل ئىللەتنى قاتتىق سۆككەن. بىر مەملىكەتتە خەلقنىڭ ھاراقكەشلىك يولىغا كىرىپ قېلىشنى ئەلنىڭ گادايلىقىغا قاراپ مېڭىشى بىلەن مەھكەم باغلىغان، شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھاراقكەشلىك ‹ملڭ گۇناھ›غا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئادەم بەخت-سائادەتتىن مەھرۇم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ھاراقكەشلىك ئادەملەرنى بىكار تەلەپ، ھۇرۇن ۋە قاشتاق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كىشىلەرنى بۇ يولغا قەتئىي ماڭماسلىققا دەۋەت قىلغان. ئالىمنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشەببۇسلىرى ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ياش ئەۋلادلارغا قارىتا ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتا بىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

2097 ھاراق ئىچسە خەلق، يەلگە كەتكەي مېلى،
خان ئولسا ھاراقكەش، تۇرامدۇ ئېلى؟
2099 مەست ئولسا كىشى تەلۋە ئاڭسىز بولۇر،
ئىشى تەلۋىنىڭ كۆر، قاچان تۈز بولۇر،
2102 مەي ئىچسە بولمىغۇر نە ئىشلار بولۇر،
مەست ئولسا نەچچە ياخشى ئىشلار قالۇر.
1338 ھاراق مىڭ گۇناغا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن، يۈزۈڭ تۆكۈلەر.

## بىلىم كۆز قارىشى جەھەتتە

يۇسۇپ خاس ھاجىپ، بىلىمنىڭ قەدىر-قىممىتى، بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئەھمىيىتى، بىلىمنىڭ خاراكتېرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆز قاراشلىرىنى داستانىنىڭ بېشىدىن

ئاخىرىغىچە سىڭدۈرگەن بولۇپ، بۇ كۆز قاراشلارنىڭ جەۋھەرلىرىنى توپلىغاندا، «دۇنيادىكى ھەر قانداق قىيىن مۈشكۈللەر، يېشىلمىگەن تۈگۈنلەر بىلىم بىلەن يېشىلىدۇ، ئېچىلمىغان سىر-ھېكمەتلەرمۇ بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ»، «بىلىم كىشىنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان مەنىۋى قورال، كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسەت، ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتەلەيدۇ»، «بىلىم — ئىنسان ئەقلىنىڭ مېۋىسى، ئىنسانلار بىلىم ئارقىلىق ئەقىل-ئىدراكقا ئېرىشەلەيدۇ»، «بىلىم — مەنىۋى ھاياتنىڭ ئوزۇقى، كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق ئۆزىگە سىرداش دوست، ھەمراھ، توغرا يول تاپالايدۇ»، «بىلىم — ئىنسان قەدىر-قىممىتىنىڭ ئاساسى، ئەڭ تۆۋەن ئورۇندىكى كىشىلەرمۇ بىلىم ئارقىلىق ئۆز قەدىر-قىممىتىنى تاپالايدۇ ۋە ئىززەت-ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيدۇ»، «بىلىم — ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان تۈپكى بەلگە.» مىسال:

201 كىشىدىن كىشىنىڭ تولا پەرقى بار.
بىلىمدۇر بۇ پەرق، سۆز شۇ ئۇزدە بارار.
1843 بىلىملە پەرقلىنەر كىشى يىلقىدىن،
نېمە بار بۇيۇكدەك بۆلەك بىلىمدىن.
1845 كىشىنى ئايرىغان بىلىم يىلقىدىن،
كىشى قۇلى ئۈستۈن بولۇر ئىلىمدىن.
3168 بىلىمدە يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ئاڭلىق ياشىغىن.
3223 تائەتكە بىلىملە سەن بارغىن يېقىن،
بىلىم تامغىلايدۇ دوزاق ئىشىكىن.
3217 بۇ ئىككى خىل ئىنسان كىشى ئاتۇلۇر،
بىرى ئۆرگەتكۈچى، بىرى ئۆرگىنۇر.
3218 ئىككىدىن بۆلەكنى سەن يىلقا سانا،
يا ئۇ يول، يا بۇ يول، تاللاپ ئال مانا.

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ بايانلاردا غايەت زور مەنتىقىلىق پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئەينى زاماندىلا ئەمەس، ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتى بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەتتە كىشىلەرنىڭ بىلىمنى «قابىلىيەت»، «ئىقتىدار» دەپ قارايدىغان كاتېگورىيەدىنمۇ ھالقىپ، بىلىم ئىقتىدارلا ئەمەس بەلكى «كۈچ-قۇدرەت» دەپ مۇقىملاشتۇرغان.

155 ئەقىللىق ئۇقار ئۇل، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.
156 بىلىم نەسىن بىل، بىلىم نېمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.
208 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپئى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.
302 كىشى ئوغلى سۇندى قوڭۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.
2447 زېرەك بولسا، مالدىن قىنالماس بولۇر،
بىلىم بولسا، ئىشتا يېڭىلمەس بولۇر.
2450 بىلىمدىن نەسىبە كىمگە تەگمىسە،
ئۆلۈك ئۇ، يارىماس تىرىكتۇر دېسە.
2451 بىلىملە بۇيۇكلەپ ئاتالغاي كىشى،
بولۇر ئەلدىن ئۈستۈن، ئۇنۇملۇك ئىشى.

ھايات پەلسەپەسى جەھەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى يەنە بىر مۇھىم قىممەتكە ئىگە كۆز قاراش — ئىنساننىڭ ماھىيىتى ۋە بۇرچى توغرىسىدىكى كۆز قاراش بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ مەسىلىگە ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە ئېنىق جاۋاب بەرگەن. مۇئەللىپ داستاندا «كىشى كىشىگە كىشىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرغانلىقتىن كىشى دەپ ئاتالغان»، «كىشىگە كىشىلىك قىلىش ھەققى ئىنساننىڭ بەلگىسى» دېيىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئۆز ماھىيىتىنى تونۇپ، ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا دالالەت قىلغان.

1596 كىشىلىكنى قويما، ئەي ئېسىل كىشى،
كىشىگە كىشىلىك قىلغىن تەڭتۇشى.
1599 يۇرى، ئۇي ئاتانما، كىشىلىك تىلە،
كىشىگە كىشى بول، كىشىلىك بىلە.
5787 نېمەدەر ئىشىكتىن، كىشى ياخشىسى،
كىشىلىك ئېرۇرچىن كىشى بەلگىسى.
5788 كىشىلىك قىل، ئى ئەر، ئۇلۇغ كىشى بول،
كىشىلىككە شۇنداق كىشى تۇتتى يول.
5789 كىشى بول، كىشىگە كىشىلىكنى قىل،
كىشى ئاتىن ئۆزىگە سۈپەت ئەيلەگىل.
5892 كىشى ياخشىدۇر كىشىلەر بېشى،
كىشىلىك قىلغۇچى كىشىگە تۇشى.
5893 كىشىگە جاۋاب قىل كىشىلىككە تەڭ،
شۇنىڭچۇن ئاتالدى كىشى دەپ كىشى.

ھەمدە ئىنسانىي بۇرچىنىڭ ياخشىلىق، كۆيۈمچانلىق،

www.uyghurkitap.com



سىخىلىق دۇرۇسلۇق، ئۇيات ۋە ۋاپا قاتارلىق بەش ئۆلچەم بويىچە ئۆلچىنىدىغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن.

**مائارىپ ئىدىيەسى جەھەتتە**

«قۇتادغۇبىلىك»نى پېداگوگىكا ئىلمى نۇقتىسىنەزەرى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، داستاندىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار شائىرنىڭ پېداگوگىكىلىق قاراشلىرى بولۇپ، خېلى روشەن ئىلمىيلىككە ئىگە. بۇ قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلغار كىلاسسىكلىك مائارىپ ئىدېئولوگىيەسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئۇلۇغ پېداگوكنىڭ «پەزىلەت، بىلىم، خۇلق، ساغلاملىق» دېگەن ئۇقۇملار ئارقىلىق كۆپ بابلارغا سىڭدۈرۈۋەتكەن چۈشەنچىلىرىدە ياراملىق كىشىلەرنى تاللاش، ئەدەپ ئەخلاقلىق بولۇش، بىلىملىك-ئەقىللىق بولۇش، ياخشى خۇلقلۇق، ساغلام بەدەن بولۇش قاتارلىق پېداگوگىكىلىق قاراشلار ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ ئادەم تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. مىسال:

152 بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر، قۇلنىمۇ تولۇق.
278 ئىلىمدە بۈيۈك كۆپ پەزىللىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقنىڭ خىلى.
327 ئەقىل كۆپ كېرەكتۇر، تاللاشقا كىشى،
بىلىم بەك كېرەكتۇر، قىلىشتا ئىشى.
1824 پەزىلەت، بىلىم ھەم ياخشى خۇي-پېئىل،
ئۆگەنسە تۈزۈلەر كىشى خۇلقى، بىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك روناق تېپىشىنى تەلىم-تەربىيەگە باغلىنىشلىق دەپ تونۇپ، داستاندا مەزمۇنى ئىلغار ئىسلاھاتچانلىق روھى خېلى كۈچلۈك بولغان پېداگوگىكىلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. داستاننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەزىلەت چۈشەنچىسى — ئەخلاقىي سۈپەتنى؛ بىلىم چۈشەنچىسى — ئەقلىي قابىلىيەتنى؛ خۇي-پېئىل چۈشەنچىسى — جىسمانىي سۈپەتنى كۆرسىتىدۇ. شائىر ئادەم بالىسىنىڭ بۇ ئۈچ سۈپىتى پەقەت مائارىپ يەنى تەربىيەلەش ۋە تەربىيەلىنىش ئارقىلىق يېتىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەزىلەت، بىلىم، خۇي-پېئىل تەربىيە قاراشلىرىنى ھەممە بابلاردا دېگۈدەك قەيت قىلىپ، بۇ ئۈچ تەربىيەنىڭ بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، يەنە تەلىم-تەربىيەنىڭ ئائىلە تەربىيەسى، مەكتەپ تەربىيەسى ۋە جەمئىيەت تەربىيەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىمۇ مۇپەسسەل توختالغان. بولۇپمۇ ئائىلە تەربىيەسىنىڭ تەلىم-تەربىيەدىكى ئالاھىدە رولى جەھەتتە نۇقتىلىق توختالغان.

1218 ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغۇلغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇي-پەيلى خوپ.
1227 ئوغۇلنى قىسىپ تۇت، ئاتا بولغۇچى،
ساڭا كەلمىسۇنلەر، كېيىن كەلگۈچى.
1491 ئۇنى قويمىغىن بوش، قاتتىق تۇت سىقىپ،
تۇتۇلسا ئوغۇل چىڭ تاپار قۇت بېرىپ.
1219 ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا، ياخشى ئېرۇر،
ئاتا-ئانىسى بەختلىك بولۇر.
1226 قىسىپ تۇتسا ئوغلىنى ئاتا ئۆگىتىپ،
ئوغۇل-قىز سۆيۈنەر چوڭايسا تولۇپ.
1220 ئەگەر چىڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۈزگىن كۆڭۈل.
1225 ئوغۇل-قىز خۇي پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.
4504 ئوغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز-ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول.
1493 ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر،
كىچىكلىكتە بىلسە ئۇتۇقلۇق بولۇر.
1495 كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى،
قېرىپ ئۆلمىگۈنچە ئۇنتۇماس ئۇنى.

دېمەك، مىللىتىمىزنىڭ بۈيۈك پېداگوكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيا مائارىپ تارىخىدا ئارىستوتېل، فارابىلاردىن كېيىن پۇقرالارنى ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي تەربىيەگە ئىگە قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنى سىمۋوللۇقى كۈچلۈك بولغان كونكرېت، جانلىق، غايىۋى ئوبرازلاردا يورۇتۇپ بەرگەن بۈيۈك ئالىمدۇر.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى. ئۇيغۇر 1984-يىلى 5-ئاي 1-نەشرى.
2. «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بايان. تۆت كىتاب. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.
3. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تېزىسلار «مىللەتلەر نەشرىياتى» 1987-يىلى 4-ئاي نەشرى.

(ئاپتور: قاراماي قويۇق نېفت شىركىتى نېفت ئېلىش 5-رايونىدا)



# پەيزاۋات قوغۇنى

ئابدۇكېرىم تۇردى

پەيزاۋات دېگەن نام خەلق ئىچىدە ساقلانغان قول يازما «پەيزىللا بەگنىڭ تەرجىمھالى» (زىكرى پەيزىللا بەگ)دا بايان قىلىنىشىچە، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانلىرىدىن تاۋغاچ ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەت بۇغرا زامانىسىدا (1105 ـ 1128) ئوردا مىرزىلىرىنىڭ باشلىقى ھارۇن خان بەگنىڭ پەيزىللا ئىسىملىك ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئېلى ئىسىملىك شاھزادە بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. پەيزاۋاتقا تەۋە قىزىلسۇ يېزىسى، خۇشئاۋات، يېڭى ئاۋات، غولتوغراق، ئۆردەكلىك، يېڭى مەھەللە قاتارلىق يېزا ـ قىشلاقلارنى كېزىپ، خۇشئاۋاتنىڭ يېڭى مەھەللە دېگەن يېرىگە كېلىپ ئاتلىرىنى سوۋۇتۇپ، ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا، شۇ مەھەللىنىڭ ئاقساقلى كوۋسەنباي دېگەن كىشى كېلىپ بەگزادىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى، ئاڭلىغان رىۋايەتلىرىنى ھېكايە قىلىپ، بۇ زېمىننىڭ قوغۇن تېرىشقا ئەڭ باب كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن. پەيزىللا بەگ ئوردىغا قايتقاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئوردا كاتىپلىرىغا يەتكۈزۈپ، بۇ جاينى قوغۇن ماكانى قىلىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنۇپتۇ.

مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مىرزا ھارۇن بەگنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن خان يارلىق چۈشۈرۈپ «يېڭى مەھەللە» دېگەن يۇرتنى بىر بەگلىك قىلىپ پەيزىللا بەگنى شۇ يەرگە بەگلىككە تەيىنلىگەن ئىكەن. يىللار ئۆتۈپ بۇ يەردە بازار شەكىللىنىپ «پەيزىللا ئاۋاتى» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن بۇ نام قىسقىراپ «پەيزىلئابات» دېيىلىپتۇ. بۇ قاراخانىلار دەۋرىدە پەيدا بولغان ئىسىم بولۇپ، چىڭگىزخان دەۋرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە ھۆججەت ۋە خەت ـ چەكلەردە «پەيزىۋات» دەپ يېزىلغان بولغاچقا، ھازىرغىچە پەيزىۋات دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

پەيزاۋاتنىڭ نېمەتلىرى مول. بۇ يۇرتتىن كېۋەز، بۇغداي، كۆممىقوناق، قوغۇن، ئۆرۈك، قارائۆرۈك، ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت كۆپ چىقىدۇ.

پەيزاۋات خەلقى قوغۇن تېرىشتىن ئاۋۋال ئېتىزنىڭ قىر ـ قاتلىرىنى ئېگىز قىلىپ، تۇپراقنىڭ سۈيىنى قاندۇرۇپ، ئاندىن ئېتىزنى ساپان بىلەن يۇمشاق ھەيدەپ چىقىدۇ. تەكشى سۆرەم سېلىپ، يەرنى ئۆلچەپ قوزۇق

قېقىپ، تاناپ يىپلىرىنى، سۇغا چىلىغان ئۇرۇقلارنى تەييارلاپ، ھەر بىر قوغۇننىڭ ئارىلىقىنى 50 سانتىمېتىر ئارىلىق قىلىپ، ئۈچ ـ تۆت تالدىن ئۇرۇق سېلىپ، بەش-ئالتە سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمدۇ ۋە قوغۇننىڭ ئالدى كۆرۈنگىچە قىرغاۋۇل، توخۇ، تورغاي، توشقان، تۈلكە قاتارلىقلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن قوغدايدۇ.

قوغۇن ئۈنۈپ، ئۈچ-تۆت قۇلاق بولغاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى قاپقارا ئۆسكەنلىرىنى تاللاپ، جانسىز سېرىق ئۈنگەنلىرىنى يۇلۇۋېتىدۇ. ئاندىن قوغۇن مايسىسىنىڭ شامالداپ قالماسلىقى، بوراندا زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، ئاپتاپ يېگەن قۇرۇق توپىنى مايسا تۈۋىگە يۆلەيدۇ. قىشچە توپلىغان ئات، كالا، قوي قىغلىرىنى قوغۇن تۈۋىگە كۆمۈپ، چۆنەك تارتىپ توپىسىنى قىغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قاشنى كۆتۈرىدۇ. يەتتە-سەككىز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئارقا تەرىپىنى سۇۋارە ئېچىپ، چارۋا قىغى، قوغۇن بۇيىسى، چۈچۈكبۇيا، شالدۇر بۇيا، كۆك يانتاق، يۇلغۇن، سېسىق سامان، كۈنجۈرە، كونا تامنىڭ چالمىسى، ئۇلاغ يېمىگەن ئۆلەڭ قاتارلىقلار بىلەن باقىدۇ. ئىككىنچى قېتىم ھەر بىر كۆزىدە بىر قوغۇن مايسىسىنى قويۇپ، قوغۇن تۈۋىگە قۇرۇق توپا يۆلىگەچ ھەممە مايسىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. قوغۇن تۈۋىگە قۇرۇق قۇم يۆلەنسە تېخىمۇ ياخشى ئۈنىيدۇ. ئاندىن چۆنەكلەرگە ئارىلاپ-ئارىلاپ سۇ يالىتىدۇ. قوغۇن پىلىكى بىر مېتىردىن ئاشقاندا چۆنەكنىڭ لېپىنى تاشقا چىرايلىق ئېلىپ، كۆك يانتاق، شاخ-شۇمبا ئۆلەڭلىرى، سېسىق سامان، قىغ، پالاك، ئوغۇت، كۈنجۈرە سالىدۇ. چۆنەكلەرگە سۇ ئاچقاندا چىگىت يېغىدىن ئازراق قۇيۇۋەتسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، قوغۇن سويىمىسى چۈشكەندە، ھەر بىر تۈپتىن ئىككى تالدىن چاتاقنى قالدۇرۇپ، توخۇدەك بولغانلىرىنى يۇلۇۋېتىدۇ.

ئازادلىقتىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن مەرھۇم چوڭ دادام تۆمۈر ئاخۇننىڭ مۇنداق ئۇسۇلدا قوغۇن تېرىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. شۇ چاغلاردا كىشىلەر چوڭ دادامنى «تۆمۈر دېھقان» دەيتتى. ئۇزاق ياز كۈنلىرىدە چوڭ دادام ئېتىز ـ ئېرىقلاردا ئۆسۈپ قالغان قوغۇن بۇيىسى، چۈچۈكبۇيا، شالدىر بۇيا، كۆك بېدە قاتارلىقلارنى يىغىپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئاپتاپتا تاشلاپ سولاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇلاردىن چوڭ ـ كىچىك سېۋەت توقۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كاۋا، ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرمىقىنى سېلىپ، چالا سايلىق ئۆينىڭ تېمىغا تىزىپ قوياتتى. چوڭ دادامنىڭ بۇنچە كۆپ سېۋەتنى نېمىشقا توقۇيدىغانلىقىنى چوڭ ئاپامدىن سورىسام «سېۋەتكە توپا قاچىلاپ، ئاندىن قوغۇن تېرىپ ئۈندۈرۈپ، چىلگىلەرنى خەقتىن بالدۇر سارغايتىش ئۈچۈن» دېگەن ئىدى.

— قوغۇننى ئېتىزغا كۆچۈرگەندە سېۋەتنى قانداق ئالىمىز؟ — دېسەم، — سېۋەتنى ئالمايمىز، ئۈنگەن قوغۇننى سېۋەت بىلەن كۆمۈۋەتسەك، ئۇ سېسىپ ئۆزىگە ئوغۇت بولىدۇ، — دېگەن ئىدى.

يەنە بىر ئىش، جاغدا قوناق مەدىكىنىڭ ئىككى ئۇچىنى (كەكە) بىلەن ئاز-ئاز ئېلىۋېتىپ ئىككى پارچە قىلىپ، مەدەك ئىچىدىكى ئاق پورىنى ئۈچلۇق يىك ياغىچى بىلەن ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە نەم توپىنى تىقىپ، ئۇنىڭغا تامغا چاپلاپ قۇرۇتۇلغان (يىل ئاتلىغان) سەمەن چىلگىسىنىڭ ئۇرۇقىنى ئاۋايلاپ تىكىپ، ئۆيدە ئۈندۈرۈپ، ئاندىن ئېتىزغا ئاپىرىپ تىككەن ئىدى. ھەر بىر تۈپ قوغۇننىڭ يېنىدا بىردىن ساپال تاۋاقنى ئارقاقلىرىدا قويۇپ قويغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ساپال تاۋاقنى نېمىشقا قويىدىغانلىقىنى ئانامدىن سورىسام «يامغۇر ياغسا، بوران چىقسا، تاۋاق دەرھال قوغۇن مايسىسىغا كۆمتۈرۈلۈپ قوغۇن مايسىسى ئامان قالىدۇ» دېگەن ئىدى.

مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان توشقانلار مەھەللىسىدە چوڭ دادامنىڭ يۇرتلار بويىچە ئەڭ ئاۋۋال چىلگىلەرنى سېۋەتكە سېلىپ بازارغا ئەكىرگەنلىكى ۋە مەكتەپ ئالدىدا ماڭمۇ بەرگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

بىر كۈنى مەھەللىدىكىلەرنىڭ بىرى-بىرىسىگە:

— ئاداش بازارغا چىلگە كىرىپتۇ، — دېسە،



— تۆمۈر ئاخۇننىڭ چىلگىسى كىرگەندۇ ھەقاچان! — دېدى.

— راست تۆمۈردەك دېھقان جۇمۇ، — دېگىنىنى ئاڭلاپ چوڭ دادامنىڭ يامان گېپىنى قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ چوڭ دادامغا دېسەم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— قوغۇن تېرىقچىلىقىغا تۆمۈردەك، پولاتتەك ئادەم كېرەكتە، — دېگەن ئىدى.

پەيزاۋاتتا قوغۇننىڭ يۈز نەچچە خىل سورتلىرى تېرىلىدۇ. بۇ سورتلار ئۈچ پەسىلگە ئايرىلىدۇ. ياز پەسلى سورتلىرى: سەمەن چىلگىسى، قەشقەر چىلگىسى، ئالمەرەڭ چىلگە، چۈگۈن باش چىلگە، كۆك چىلگە، چاڭلاشقان چىلگە قاتارلىقلار.

كۈز پەسلى سورتلىرى: شېكەر سۈيى، ئاق كۆكچى، چار كۆكچى، قوتۇر كۆكچى، چاچرۇك، ئاغ پۈت، پوستى پىياز، خامانچى، كۆك تۈنى، بېشەكشېرىن، بۇغداي ئۇرۇقى، لىڭۇ، ئاقچى، شېكەر پىلەك، بەگزادە قارىقاش، قىزىلبۇيى كۆكچىسى، چاڭلاشما كۆكچى قاتارلىقلار.

قىش پەسلى سورتلىرى: كۆك پەرى، قارا كۈسەي، تاش قوغۇن، چاڭلاشما كۆك بەرە، تېرىم كۆكچىسى، ئاق ناۋات، ئېتى قىزىل پىسەن، ئېتى كۆك پىسەن، نىل رەڭ پىسەن، ئەنجان قوغۇنى، سوۋېت قوغۇنى، سىم تور قاتارلىقلار.

پەيزاۋات خەلقى ناندىن قالسا قوغۇننى ئەڭ كۆپ يەيدۇ. بولۇپمۇ ھېيت-بايرام، مېھماندارچىلىق، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، مەشرەپ، ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىش، بىنەم ئېچىش، يول ياساش، كۆل چېپىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە قوغۇننى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ.

پەيزاۋات خەلقى قوغۇننى «بېھىش نېمىتى» دەپ قارىغاچقا، قوغۇننى خالىغانچە يېمەيدۇ. بەلكى ئالدى بىلەن قوغۇننى پاكىز ئېرىتىپ، قوغۇننىڭ ساپىقىنى يۇمىلاق قىلىپ كېسىپ ئىككى ياكى تۆت پارچە قىلىۋېتىپ، قوغۇننى ئىككى كاسا قىلىپ، ئۇرۇقلىرىنى پاكىز ئېلىۋېتىپ لېگەنگە چىرايلىق تىزىپ، داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ يېيىشىدۇ. قوغۇننى مۇشتلاپ، يەرگە ئۇرۇپ ياكى دەل-دەرەخقە ئۇرۇپ يېيىشنى، ئۆرە تۇرۇپ يەپ، شاپىقىنى خالىغان يەرگە تاشلاشنى يامان كۆرىدۇ. ئەگەر يولدا قوغۇن ئۇرۇقى ياكى شاپىقى ئۇچراپ قالسا، خۇددى ناننىڭ ئۇۋۇقىنى ئالغاندەك ئاۋايلاپ ئېلىپ، پاكىز يۆيۈۋېتىپ ئۇلاغقا بېرىدۇ.

قوغۇن سىڭىشلىك، ئادەمنىڭ مىجەزىنى تەڭشەيدۇ، ئۇرۇقىدىن چىققان ئۇرۇق يېغى ئاشقازان يارىسى، كەم ماغدۇرلۇق، تەمرەتكىنى داۋالاش، قورۇق يوقىتىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدىغانلىقى تېبابەتتە ئىسپاتلاندى.

قىش پەسلىنىڭ سورتلۇق قوغۇنلىرىنى زىيان-زەخمەتتىن ساقلاش ئۈچۈن قوغۇننى ساپىقىدىن ئاجرىتىپ ئۈزمەي، پىچاق بىلەن كېسىلىدۇ. ئەگەر ساپىقىدىن ئاجراتقاندا، ساپاق ئاجرىغان جاي زېدە بولۇپ، قوغۇندا ئاچچىق تەم پەيدا بولىدۇ. كېسىلگەن قوغۇننى ئورنىدىن مىدىرلاتماي ئۈچ-تۆت كۈن ئورنىدا قويۇپ، قوغۇننى بىر ئاز سولاشتۇرۇپ ئاندىن ئۈستىگە ياغاچ تارتىپ چاللا سايە قىلىنغان خامانغا ئاۋايلاپ توشۇلىدۇ، سوغۇق چۈشكىچە شۇ يەردە ئاپتاپ يېگۈزۈپ ئاندىن ھاۋا ئۆتۈشىدىغان، ئاستىغا قۇم تۆكۈلگەن قورغاق ئۆيلەرگە، ئۇزۇن ساپلىق زەمبىل ئۈستىگە پاختىلىق كۆرپە ياكى سامان، پاخال سېلىپ، قوغۇنلارنى ئۇنىڭغا بىر-بىرىگە تەگكۈزمەي تىزىپ توشۇلىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى نورماللاشتۇرۇلىدۇ.

ئەسلىسەم چوڭ دادام گەمە كولاپ، ئادەمنىڭ بېلىدەك ياغاچ سېلىپ، گەمىنى يېپىپ، بۇيلۇق، يېكەنلەرنى ئايرىپ باغلاپ، ئۇنىڭغا ئىسسىق سۇنى چېچىپ يۇمشىتىپ، ئۈچ تالالىق چاڭگا ياساپ، قوغۇننى ئۇلارغا ئېسىپ ساقلايتتى. بەزى قىشلىرى سەككىز-ئون تاغار بۇغداي پاتقۇدەك ئورا كولاپ، سامان سېلىپ تۆت-بەش تاغار بۇغدايىنى ئورىغا تۆكۈپ، قوغۇننى بىر-بىرىگە تەگكۈزمەي تىزىپ، قوغۇن ئۈستىگە بۇغداي چېچىپ، ئۈستىنى يالاڭ سامان بىلەن چۈمكەيتتى، بۇ قوغۇنلار كېلەر يىلى قوغۇن تېرىغىچە ئىنتايىن ئوبدان ساقلىناتتى.

دېمەك، قوغۇن تېرىقچىلىقى پەيزاۋات خەلقىگە ئۇلۇغ تەبىئەت ئاتا قىلغان مىراس.

شۇڭا پەيزاۋات خەلقى بۇ ئەۋزەللىكتىن پەخىرلىنىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**

① ئىلى غوبۇر «پەيزاۋاتنىڭ خەنزۇچە نامى ۋە ئۇنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1990-يىلى 4-سان.

② «پەيزاۋات ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچە نامى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1988-يىلى 3-،4-سانلار.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پېنسىيونېرى)



# ئۇيغۇرلاردىكى نەسەبشۇناسلىق



**ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان**

ئەجدادلارنىڭ نەسەبلىرى ۋە شەجەرىلىرىنى بىلىش تولىمۇ مۇھىم، بۇ كېيىنكىلەرگە تارىخ بولۇپ قالىدۇ، ئەۋلادلار ئۇلارنىڭ ئىبرەتلىك مۇقاملىرىدىن ئۆزلىرىگە تېگىشلىك كۆرسەتمە ئالىدۇ. بىر ئىنسان ئەقەللىيسى ئۆز قوۋمى، ھېچ بولمىسا ئۆز جەمەتىنىڭ شەجەرىسىنى، تەزكىرىسىنى، تارىخىنى بىلمىسە، چوقۇمكى ئۇ ئومۇمىي ئىنسانىيەتنىڭ شەجەرىسىنى، تەزكىرىسىنى، تارىخىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ.

ئىنسانلار يارالمىشىدىنلا مەدەنىي بىر جامائەدۇر؛ يەنى ئۇلار ئالەمنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتى ئۈچۈن توپلىشىپ ياشىشى زۆرۈر بولغان بىر گۇرۇھتۇر. ئۇلار يارالغاندىن تارتىپ تەبىئەتتى شۇ ئوزۇقلۇقنى ئىزدەشكە ئۈندەيتتى. بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ئوزۇقنى داۋاملىق ئۆزى ھەل قىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ يەيدىغانغا بۇغداي تاپسا ئۇن تارتىشى، ئۇننى تارتسا پىشۇرىدىغانغا قازان بولۇشى، قازاننى تاپسا ئوتۇن، ئوتۇننى تاپسا ئوت... دېگەندەك، بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن بىر دۆۋە ياشاش ئېھتىياجى ئىنسانلارنى بىرگە ياشاشقا، ئۆزئارا ياردەملىشىشكە مەجبۇرلايتتى... يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانلار ئۆزىنى قوغداشتا ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر ئىنسانغا ئېھتىياجلىق بولاتتى؛ چۈنكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ، بولۇپمۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ياۋۇزلۇقى ئادەملەرنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى، ئادەملەر كېيىكتەك يۈگۈرەلمەيتتى، شىر، يولۋاسلاردىكى كۈچنىڭ يۈزدىن بىرى ئۇلاردا يوق ئىدى، ئەمما ئادەملەرنىڭ ئەقلى بار ئىدى، قول، ئەقلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي قورالىغا قارشى قورال ياساشنى ئۆگەنگەنىدى. مەسىلەن: مۈڭگۈزگە قارشى نەيزە، تىرناققا قارشى قىلىچ ... دېگەندەك؛ يالغۇز ئادەم قورال-جابدۇقلىرى

بىلەنمۇ يىرتقۇچقا تەلەپ كېلەلمەي قالىدۇ، شۇڭا ئۇ چوقۇم باشقىلار بىلەن ھەمكارلىششى كېرەك، ئەگەر ئۇ ھەمكارلاشمىسا ئوزۇقلۇق تاپالمايدۇ، ئوزۇقلۇق تاپالمىسا ياشاشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ يەنە پەقەت ئوزۇقلۇق ئۈچۈنلا باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشمايدۇ، ئۆزىدە يوق قوراللارغا باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشماي تۇرۇپ قانداق ئېرىشەلەيدۇ؟ بۇمۇ ئىنساننى باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشتۇرىدۇ...

ئىنسانلار ھەمكارلاشقاندىن كېيىن چوقۇم مەزكۇر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان بىر چەكلىگۈچى بولۇش كېرەك؛ چۈنكى ئىنسان تەبىئىتىدىمۇ ياۋۇزلۇق مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ خىل تەبىئەت ئىنسانلار ئارا دۈشمەنلىك ۋە زۇلۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ دۈشمەنلىكىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن قورال - ياراغ زۆرۈر بولغان بىلەن، ئىنسانلار ئارا دۈشمەنلىك ۋە زۇلۇمنى يوقىتىشتا ھەمىشە ئۇنىڭغا يۆلىنىۋالغىلى بولمايدۇ؛ بۇ چەكلىگۈچىدە چوقۇم بىر ھوقۇق، ئۈستۈنلۈك ۋە كۈچ بولۇشى كېرەك، ئۇ بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى قالايمىقانچىلىققا چەك قويۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ، مانا بۇ چەكلىگۈچى دەل پادىشاھ ياكى ھۆكۈمەت ئۇقۇمىدۇر، ئىنسانلار ئارىسىدىكى بۇ خىل باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇلۇش ياكى مەركەزگە بويسۇنۇش ھالىتىنى قانداقتۇر سىياسەت ياكى ئىدىيە ئەمەس، بەلكى ھىدايەت ۋە تەبىئەت بەلگىلىگەن.

مانا شۇنداق تەبىئەت، ئەنە شۇنداق ئېھتىياجلىق ئىزدىنىش ۋە شارائىت ئىنسانلارنى توپ - توپى بىلەن ياشايدىغان قىلىپ قويغان، كېيىنلەرچە جەمەتلەرگە، قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، شۇ جەمەت ياكى شۇ قەبىلە بايرىقى ئاستىدا ئۆزى ۋە جەمەتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان... پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئەنە شۇنداق مىللەت، قەبىلە، جەمەت...لەرگە بۆلۈنگەندە ئۇيغۇرلارمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمىغان.

«نەسەب» سۆزى ئەرەبچە بولۇپ، ئۇيغۇرچىغا ئەسلىدىكى مەزمۇنىدىن چەتنىمىگەن ھالدا سىڭىپ كىرگەن؛ «نەسەب»، «نىسبەت» ۋە «مەنسۇپ» سۆزلىرىنىڭ يىلتىزى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دا «نەسەب كېلىپ چىقىش، ئۇرۇق، نەسىل، جەمەت، ئەجداد»، «نەسەبشۇناسلىق - نەسەبنى تەتقىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلغان پەن» دەپ ئىزاھلانغان (1999 - يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1105 - بەت).

ھەقىقەتەنمۇ نەسەب سۈرۈشتە قىلىش شەخسنىڭ كىمگە ۋە نېمىگە نىسبەت بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق مەزكۇر شەخسنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىپ، جەمەتىنىڭ ، قەبىلىنىڭ، مىللەتنىڭ ئەسلى - نەسلىنى قېزىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشتۇر.

نەسەب سۈرۈشتە قىلىش تۈنۈگۈن- بۈگۈننىڭ ئىشى ئەمەس، بىزدە ئىلگىرى بۇ ئىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىلەتتى، يىراق ئەجدادلارنىڭ پارىڭىنى قىلمىساقمۇ، 1000 يىلنىڭ ئالدىدىلا بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ كىتابى «قوتادغۇبىلىك»تە، ئۆيلىنىش ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق يازىدۇ:

[ 4488] تېگى ياخشى بولسۇن، تۇخۇم ھەم ئۇرۇق،
ئۇياتچان ۋە تەقۋا، ئۆزى بەك ئېرىغ.
[ 4488] يەنە بىرى ئېسىل نەسەبلىك تىلەر،
ئۇلۇغلۇق ئېتىغا قوۋانىپ يۈرەر.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، بوۋىمىز «تۇخۇم، ئۇرۇق ۋە ئېسىل نەسەب»لەرنى تىلغا ئالدى، ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرىدە «نەسلىڭنى ئۇنۇتتۇڭ، ئەسلىڭنى ئۇنۇتتۇڭ»، «تېگى پەسنىڭ زېدى پەس، زېدى پەسنىڭ كۆنى تەس» دېگەنىدەك نەسلىگە، نەسەبكە مۇناسىۋەتلىك ماقال- تەمسىللەر ئۇچراپ تۇرىدۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھازىرغا قەدەر «پالانى ئاق ئۇستىخان، پوكۇنىنىڭ تېگى ياخشى ئەمەس»... دېگەنىدەك سۆزلەرگە يولۇقۇپ تۇرىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجدادلارنىڭ يىلتىزغا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

نەسەب سۈرۈشتە قىلىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەھمىيىتى بولىدۇ:

1. نەسەبنى بىلىش ئارقىلىق شەخس ئۆزىنىڭ ئائىلە ۋە جەمەت كېلىپ چىقىشىنى ئېنىق بىلىپ، ئۆزىنىڭ ياشاۋاتقان جامائەسى ئارىسىدىكى ئورنىنى بىلەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



2. يىلتىز سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق شەخس ئۆزىگە تۇغقان كېلىدىغان (قېنى بىر) كىشىلەرنى باشقىلاردىن ئايرىۋالالايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلىق تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە باشقىلارغا قارىغاندا ئۇلارغا بەكرەك يېقىنلىشالايدۇ ياكى يېقىنلاشقۇسى كېلىدۇ، نەتىجىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسى كېڭىيىدۇ.

3. شەخسنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى كۈچلىنىپ، ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچ بېغىشلىنىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭمۇ بىر خىل ھۆرمىتى ياكى ھېيىقىشىغا (ئېھتىيات نەزەرى بىلەن قارىشىغا) ئېرىشىدۇ.

4. تارىخى، جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيەلىك بايقالمىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا نەسەب ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

5. نەسەب ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ باسقان ئىزلىرى، ئۇ ئىزلاردىن ئۈنگەن گۈللەر، ئىز قالدۇرغىچە تارتقان كۈنلەر، يەنە ئۇلارنىڭ شانۇ-شەۋكەتلىرى زاھىر بولىدۇ.

نەسەبنىڭ نىسبىتى ئۇيغۇرلاردا پەقەت ئاتا بولغۇچىلا بېرىلمەستىن، گاھى ھايۋانات، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، دەريا-چۆل، تاغ ... لارغىمۇ قارىتىلغان. مەسىلەن: تايغان جەمەتى، قويۇن جەمەتى، خاڭگا (تەرخەمەك) جەمەتى... دېگەندەك.

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ تۇغقاندارچىلىق ھېسسىياتىنىڭ سۇسلۇقىدىن، ئۆيىگە تۆت مېھمان كەلسە ھولۇقىدىغانلىقىدىن (ھودۇقىدىغانلىقىدىن) ۋايسايدۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە كىچىكىدىن تارتىپ، كىم-كىملەر بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بارلىقىنى، ئاتا تەرەپ تۇغقانلار ۋە ئانا تەرەپ تۇغقانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ. تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە پەتىگە ئەۋەتمەيدۇ. ھە دېسىلا «ھەي!... بۈگۈنكى بالىلارزە...» دەپلا قويىدۇ؛ جەمەت ئېڭى ئۆزىگە كۈچ-قۇۋۋەت بولىدىغان ئاشۇ ئىجتىمائىي توپقا بولغان مېھىر-مۇھەببەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلەيلى.

نەسەبشۇناسلىق ئىلمىدا يالغان قېتىلىپ قالدىغان، سىياسىي غەرەز تېگىشلىك ئورۇن ئالدىغان، توقۇغان ھېكايىلىرى تەئەسسۇپقا ياتىدىغان، خۇراپىيلىق بازار تاپىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ؛ شۇڭا نەسەب سۈرۈشتە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم بۇ پەندە يېتىلگەن شەخسلەر بولۇشى كېرەك؛

قەبىلە بىر دادىنىڭ پەرزەنتلىرىگە قارىتىلغاندۇر، بىر قانچە قەبىلە بىرلەشسە بىر خەلق ياكى بىر مىللەت بولىدۇ. مىللەتلەر ئىنتايىن كۆپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەسەبلىرىنى بىلىش ئىمكانىيەتتىن تاشقىرى بىر ئىشتۇر، شۇڭا قەبىلە ياكى جەمەت ھەققىدە ئىزدىنىش شەخسكە نىسبەتەن يېتەرلىكتۇر.

مېنىڭچە، ئۇيغۇرلارنىڭ نەسەب ھەققىدە ئەستايىدىلراق ئويلىنىدىغان ۋاقتى كەلدى.

ئەمدى ئۇلۇغ بوۋا، بۇزرۇك مومىنىڭ نېرىسىدىكى ئەجدادلارنى بىلەلمەسلىككە خاتىمە بېرىش كېرەك.

(ئاپتور: كورلا شەھەر يېڭىشەھەر يولى ئېغىزى، ئارقا تاللا بازىرىدا)

## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2008 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

# «غۇلجا دوپپىسى» ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

**ئابلىمىت ئابدۇراخمان**







ھەممىگە مەلۇم ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ تۈرى
ناھايىتى كۆپ، شەكلى ھەر خىل ۋە رەڭدار. تارىختىن
بۇيان ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماددىي شارائىتى يار بەرگەن ئا-
ساستا ئېھتىياجغا قاراپ خىلمۇخىل كىيىنىش ئادىتىنى
ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئارخې-
ئولوگىيەلىك قېزىلما ۋە ھەر خىل قول يازما ماتېرىياللارغا
ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرى-
نىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆر-
سىتىپ بېرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللار پىكرىمىزنىڭ شا-
ھىدى بولالايدۇ. قاراخانىلار دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان
بۈيۈك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دى-
ۋانى»دا ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىمىزنىڭ خېلىلا ئەتراپ-
لىق تىلغا ئېلىنغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. بۇنىڭدىن بىز خەلق-
مىز ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسەت ۋە ھۈنەر - سەنئەتتە ما-
ھىرلىقى بىلەن قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا تەبىئىي ئېھ-
تىياجىنى، ئېستېتىك ئېھتىياجىنى ۋە سالاھىيەت ئېھتىياجىنى
چىقىش قىلغان ھالدا ئۆزىگە خاس روشەن مىللىي ئالاھى-
دىلىككە ئىگە كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم
قويغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەن-
ئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرى، بولۇپمۇ باش كىيىملەردىكى
ئەنئەنىۋى مىللىي خاسلىق بىر قەدەر تىپىك ئالاھىدىلىككە
ئىگە.

تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلى-
نىپ، تەرەققىي قىلىپ، كۆپ خىللىققا يۈزلىنىپ، شەكىل ۋە
نۇسخىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، جەلپ قىلارلىقى، گۈزەللىكى
بىلەن پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىنىڭ مىللىي كىيىم-كېچەكلىرى
ئىچىدە ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ
كىملىك سالاھىيىتىنى نامايان قىلىدىغان مىللىي «تاج»ىمىز
بولۇپ قالدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ مابەينىدە كىيىم-
كېچەك مەدەنىيىتىمىز ئۈستىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىشقا
باشلىغاندىن بۇيان، بىر قىسىم تەتقىقاتچى يول باشچىلىرى-
مىزدىن مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرىم راخمانىنىڭ

«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، «ئۇيغۇرنىڭ ئۆرپ-
ئادەتلىرى»... ھېببۇللانىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى قا-
تارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرى-
نىڭ تۈرى، شەكلى، نۇسخىسى ھەققىدە بىزنى بىر قاتار
ساۋاتلارغا ئىگە قىلغان بولسا، بەزى ئارخېئولوگىيەلىك
قېزىلمىلار ۋە غەيرەتجان ئوسماننىڭ «قەدىمكى تارىم
مەدەنىيىتى» ناملىق تەتقىقات كىتابىدىن كىيىم-كېچەك
مەدەنىيىتىمىزنىڭ تارىخى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇر-
لارغا ئىگە بولدۇق. تارىختىن بۇيان رايونىمىزنىڭ جۇغرا-
پىيەلىك يەر شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە بەزىبىر سەۋەب-
لەر تۈپەيلى ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقاد، مە-
دەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت، گۈزەللىك ۋە بەدىئىي
زوق قاراشلىرىمىزدا مەلۇم جەھەتتىن ئوخشىماسلىقلار
يەنى خاسلىقلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ خىل كىيى-
نىش ئادىتىمىزدىكى بەدىئىي زوقتىن شەكىللەنگەن
خاسلىق ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىمىزدە ھازىر-
مۇ داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ھەرقانداق ئادەمنىڭ گۈزەللىك-
كە بولغان تەلپى ئوخشىمىغان ئىكەن، تاللىشى ئوخشىماي-
دۇ. مۇشۇ بەدىئىي زوق ئېھتىياجى سەۋەبىدىن قەشقەر را-
يونىدىكى كىشىلەرنىڭ باش كىيىمگە ياكى باشقا كىيىم-كې-
چەككە بولغان ئېستېتىك تەلپى بىلەن، خوتەن رايونىدىكى
كىشىلەرنىڭ تاللىشى، ئىستېمالى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرق
بولىدۇ، ئەمدى بۇلار بىلەن ئۇرۇمچى، غۇلجا رايونىدىكى
كىشىلەرنىڭ تاللىشى، ئىستېمالىدا يەنە مەلۇم جەھەتتىن
پەرق بولىدۇ. ھەتتا مەلۇم بىر رايوندىكى بىر ئائىلە ئەزالى-
رىنىڭمۇ كىيىم-كېچەكلەرنىڭ رەڭگىنى ۋە ياكى شەكلىنى
تاللىشى جەھەتلەردىمۇ ئوخشىماسلىق بولىدۇ. مۇشۇ خىل
بەدىئىي زوق ۋە ئېستېتىك ئېھتىياجنىڭ تەلپى كىشىلەرنىڭ
كىيىنىش ئادىتىدە ئۆزگىچە خاسلىق شەكىللەندۈرىدۇ. مە-
سىلەن: خوتەن، قەشقەردىكى كىشىلەر بادام، چىمەن
گۈللۈك دوپپىنى بىر قەدەر كۆپرەك كىيسە، غۇلجا رايونى-
دىكى كىشىلەر «غۇلجا دوپپىسى»نى كۆپرەك كىيىدۇ.
غۇلجا دوپپىسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرى
ئىچىدىكى ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولغان باش كىيىم
بولۇپ، ئۇنى بىزنىڭ باش كىيىم مەدەنىيىتىمىز ئىچىدىكى
يەنە بىر ئۆزگىچە نامايەندە دېيىشكە بولىدۇ.

غۇلجا دوپپىسى — مانچېستىر دوپپا، تارانچى دوپپى-
سى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ خۇشچاقچاق، مېھماندوست ئىلى
خەلقىنىڭ كىيىنىش ئىستېمالىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئۆزگى-
چە خاسلىققا ئىگە بىر خىل باش كىيىم. بۇ پەقەت ئەرلەر-
گە خاس باش كىيىم. شەكىل جەھەتتىن ئۇ بادام دوپپا،
چىمەن دوپپا ... قاتارلىقلارغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئۈستى
ئاساسەن قىرسىز، يەنى يۇمىلاق ھالەتتە بولىدۇ. سىرتقى
يۈزىگە گۈل، نەقىش ياكى باشقا بېزەك چۈشۈرۈلمەيدۇ.
ئۇنىڭ رەڭگى پەقەت «قىزىل» رەڭلىك، يەنى «توق
قىزىل» بىرلا خىل رەڭلىك بولىدۇ. تېگىگە ئەستەرلىك
ئېلىنىپ، ئىچى قاتتىق قەغەز ياكى قاتتىق رەختتىن قاتۇ-
رۇلۇپ، سىرتقى يۈزى قىزىل دۇخاۋا ياكى مەخمەلدىن
تاشلىنىپ چىرايلىق ئىشلىنىدۇ. ئاستى گىرۋىكىگە كەڭلىگى
بىر سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە ئايلاندۇرۇپ قارا دۇخاۋا
ياكى مەخمەلدىن زەي بېرىلىدۇ. بۇ دوپپا قىزىل بىلەن
قارىدىن ئىبارەت مۇقىم ئىككىلا رەڭدىن تەشكىل تاپقان
بولىدۇ. تىكىلىشى ئاددىي، شەكلى يۇمىلاق. غۇلجا رايونى-
دىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ خىل دوپپىنى كىيىش كەڭ
ئومۇملاشقان، ياشلارغا قارىغاندا ئوتتۇرا ياش ۋە ياشان-
غانلار كۆپرەك كىيىدۇ.

بۇ دوپپىنى يەنە ئاتۇش خەلقىمۇ كۆپ كىيىدۇ. تىكى-
لىشى، شەكلى ۋە نۇسخىسى ئوخشاش. مېنىڭچە، ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئەنئەنىۋى غۇلجا دوپپىسىنى باشقا خىلدىكى ئەنئە-
نىۋى دوپپىلار بىلەن سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ
ئۆزگىچە خاسلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك تەرەپلەردىن
پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى غۇلجا دوپپىسى شەكىل
جەھەتتىن باشقا خىلدىكى ئەنئەنىۋى دوپپىلىرىمىز بىلەن
مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاشلىق ھەم ئۆزگىچىلىككە ئىگە.
يەنى سىدام دوپپا، گۈللۈك دۇخاۋا دوپپا، بادام دوپپا،



چىمەن دوپپا، گىلەم دوپپا ... قاتارلىق دوپپىلىرىمىزغا سې-
لىنىشتۇرغاندا شەكىل جەھەتتىن ئوخشاشلىقى — غۇلجا دوپ-
پىسىنىڭ سىرتقى تاشقى شەكلى باشقا دوپپىلارغا ئوخشاش
كېيگەندە باشقا مۇۋاپىق كەلگۈدەك ھالەتتە يۇملاق قاتۇ-
رۇپ ئىشلىنىدۇ، ئارتۇقچە كۆپتۈرۈلۈپ ئېگىزلىتىلىپ ياكى
ئارتۇقچە كېڭەيتىپ شەكىل چىقىرىشتىن ساقلانغان بولىدۇ.
ئاستى گىرۋەكلىرىمۇ باشقا دوپپىلارغا ئوخشاش زەرلىك
بېرىلىپ نەپىسلەشتۈرۈلىدۇ. ئەرلەرنىڭ ياش قۇرامىغا مۇنا-
سىپ چوڭ - كىچىك قىلىپ تىكىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئە-
نىۋى باش كىيىملىرىدىكى ئومۇمىي بىر خىل ئورتاقلىق
يان تەرەپلىرىدە ياكى ئۈستى تەرەپلىرىدە ياكى ئۈستى تە-
رەپلىرىدە تۈتقىسى بولمايدۇ، سارىيۇنى ياكى ئوشۇقچە
كۆپتۈرمە شەكىللىك بىر نەرسىلەر چىقىرىلمايدۇ.

شەكىل جەھەتتىن ئوخشىماسلىقى بولسا غۇلجا دوپپى-
سى بادام دوپپا، چىمەن دوپپا... قاتارلىقلارغا ئوخشاش
تۆت قىرلىق قىلىپ، گىرۋەكلىرى پىرامىدا شەكلىدە قاتۇ-
رۇلمايدۇ. ئۈستى يۇملاق، قىر چىقىرىلمايدۇ، قاتلاشماي-
دۇ. قاتلاپ يانچۇق ياكى يانلىرىغا سېلىۋېلىپ ئېلىپ يۈ-
رۈشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ قاتلانسا شەكلى بۇزۇلىدۇ،
شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ تىكىلگەن ھالىتى بويىچە كىيىلىدۇ، ئۆي-
لەردىمۇ ئېگىزرەك ئورۇنلاردا ساقلىنىدۇ.

2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى غۇلجا دوپپىسى باشقا
ئەنئەنىۋى دوپپىلىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا نۇسخا جەھەتتىن
ئوخشىمايدۇ. بادام دوپپا، چىمەن دوپپا ۋە ياكى تاجلىق
دوپپا، ئالتۇن قاداق دوپپا... قاتارلىق دوپپىلار گۈل
نۇسخىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى، سىمۋوللۇق مەنىدىكى چۈ-
شۈرۈلگەن گۈللەرنىڭ نامى، ئىشلىتىلگەن نەقىش نۇسخى-
سى، چوڭ - كىچىكلىكى، ئىشلىتىلگەن تالالىرىنىڭ
رەڭگى... قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىچە خاسلىقىغا
قاراپ مۇناسىپ ھالدا نامغا ئىگە ھەم ھازىرمۇ يۇقىرىقى-
دەك ئۆزگىچىلىكلىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ كۆپ
خىللىشىپ، رەڭدارلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما غۇلجا دوپپى-
سىغا بۇنداق سىمۋوللۇق مەنە بىلدۈرىدىغان گۈل ۋە نە-
قىشلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ. گىلەم دوپپا، چىمەن دوپپىلارغا
ئوخشاش قولدا توقۇلغان گۈل ۋە شەكىللەر ئىشلىتىلمەي-
دۇ ياكى ئۈنچە دوپپا، ئالتۇن قاداق دوپپا، تاجلىق دوپ-
پىلارغا ئوخشاش بېزەك بۇيۇملار سىرتىدىن چاپلىنىپ
گۈل ۋە نەقىش چىقىرىپ پەرداز قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستى ۋە يان چۆرىسىگە پەقەت قىزىل مەخمەل ياكى
قىزىل دۇخاۋادىن تاشلىق ئېلىنىدۇ. ئاستى گىرۋىكىگە
قارا مەخمەل ياكى قارا دۇخاۋا بىلەن زەر تۇتۇلىدۇ. مې-
نىڭچە غۇلجا دوپپىسىنىڭ نۇسخا جەھەتتىن بىر خىل ئىز-
چىللىقنى ساقلاپ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەسلىي ھالىتىنى ئۆز-
گەرتمەي كېلىشى، شۇنچە يىللاردىن بۇيان شۇ خىل
ئاددىي ھالىتى بىلەن يەنە غۇلجا ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى
خەلقلەرنىڭ كىيىنىشتىكى ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ،
زوقىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۇلارنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشى-
شى بىزنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلى-
شىمىزغا ئەرزىيدۇ.

3. غۇلجا دوپپىسى تىكىلىشتىكى رەڭ ئالاھىدىلىكى
بىلەن ئەنئەنىۋى دوپپىلىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزگىچە
خاسلىققا ئىگە. غۇلجا دوپپىسىغا باشقا دوپپىلارغا ئوخشاش
ھەر خىل رەڭ ياكى نەقىش گۈللەر چۈشۈرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ
تەركىبىدىكى رەڭلەر پەقەت «قىزىل» ۋە «قارا»دىن ئىبا-
رەت، ئۈستى، يانلىرى پۈتۈنلەي قىزىل، ئاستى قىر گىر-
ۋەكلىرى قارا بولىدۇ. ئۇنداق بولغاندا بۇلارنىڭ قىزىل
رەڭنى ياخشى كۆرۈشى، ئۇلارنىڭ ھەتتا ئۆلۈم - يېتىم،
نەزىر - چىراقلاردىمۇ بۇ خىل قىزىل دوپپىنى كىيىشى بۇ
يەردىكى ھالقىلىق مۇھىم بىر مەسىلە بولۇشى مۇمكىن.
چۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئۆلۈم - يېتىم،
نەزىر - چىراق، مۇسىبەتلەردە قىزىل رەڭلىك كىيىم كىيمەي-
دۇ. ئاق، قارا ياكى قارا كۆك كىيىم كىيىدۇ، بېشىغىمۇ ئاق،
قارا رەڭلىك باش كىيىملەرنى كىيىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ
رەڭگە بولغان چۈشەنچىسىنى دەلىللەش ئۈچۈن بەزى تارى-
خىي مەنبەلەرنى تەكشۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

رەڭ دۇنيادىكى تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىلەرنىڭ تۈس
بەلگىسى. تەبىئىي خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ
شەيئى - ھادىسىلەرنىڭ نۇرنى قوبۇل قىلىش ياكى نۇرنى
قايتۇرۇش ۋە ياكى نۇر چىقىرىشىنىڭ ئىنسانلارنىڭ
كۆرۈش سەزگۈسىدىكى ئىنكاسى. ئىجتىمائىي خۇسۇسىيى-
تى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ ئىنسانلاردا ھەر خىل سېھرىي
چۈشەنچىلەرنى، تۇيغۇلارنى ۋە ئېستېتىك قاراشلارنى
پەيدا قىلىدىغان ماددىدۇر. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي
دىنىي ئېتىقادلىرى، ياشاش مۇھىتى، مەدەنىيەت ئەنئەنى-
سى، پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئېستېتىك خاسلىقلىرىغا
باغلىق ھالدا شەكىللەنگەن ھەم تارىخىلىققا، ھەم مىللىي-
لىككە ئىگە رەڭ چۈشەنچىلىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

ئىنسانلار مۇئەييەن دەۋرىدە بىر خىل ئىپتىدائىي،

دىنىي چۈشەنچىنى پەيدا قىلغان، بۇنى ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىلىرى «ئانىمىزم» دەپ ئاتىغان (لاتىن تىلىدا animia روھ، جان دېگەنلىك بولىدۇ). ئانىمىزم — بارلىق شەيئىلەردە جان-روھ بار دەيدىغان نەزەرىيەدۇر. ئارخېئولوگلارنىڭ تەھقىقلىشىچە، مۇئۇستىر قاتلىمىدىن قەزىلتاشنىڭ ئىزنالىرى تېپىلغان ھەمدە باشقا مەدەنىيەت ئىزنالىرىدىمۇ بوياقلار تېپىلغان. ئۇلارنىڭ قىياسىچە ئۇزاق ئۆتمۈشتە تۆت خىل بوياق — ئاق، قارا، قىزىل ۋە سېرىق ئىشلىتىلگەن. قىزىل رەڭ جەڭ ۋاقتىنىڭ تىمسالى، قارا رەڭ باشقا رەڭلەرنى تەڭشەشكە ئىشلىتىلگەن. بەزى جايلاردا ئادەملەرنىڭ يۈز، بەدەنلىرىگە تۈرلۈك شەكىللەرنى سىزىشقىمۇ ئىشلەتكەن، ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكىلەر يەنە كۈن نۇرىنىڭ يەر يۈزىنى يورۇتۇش قانۇنىيىتى بويىچە تەرەپلەرنى تۆت خىل رەڭ بىلەن ئىپادىلىگەن: ئاق — غەرب، قارا — شىمال، قىزىل — جەنۇب، كۆك — شەرق. كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش دەرىجىسى بويىچە، كۈنگەي-تەسكەي ئۇقۇمىنى ئاساس قىلىپ، شىمالنى «قارا»، كۈن قاتتىق قىزىتىدىغان جەنۇبنى «قىزىل» دەپ تەرىپلىگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ شىمال تەرەپتىن كېلىدىغان بورانىنى «قارا بوران» ياكى «سوغۇق شامال»، جەنۇب تەرەپتىن كېلىدىغانىنى «ئىسسىق شامال» ياكى «ئوت يەل» دەپ ئاتىشىشىمۇ ئۇلارنىڭ رەڭ قارىشىنىڭ مۇئەييەن تەسىرىدىن دېيىشكە بولىدۇ. مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىمىزدىكى رەڭ تەسۋىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى تۇنجى رەڭ تەسۋىرى بولۇپ، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دىكى «قىزىل» بىلەن «قارا» بولسا جاپا-مۇشەققەت ۋە ساداقەت مەنىلىرىنى بېرىدۇ. يەنە ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن بۆرە تۇتېم ھەققىدىكى ئەپسانىدە، قارا رەڭ ھالاكەت بوسۇغىسىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم تەشۋىشىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «چاشتانى ئىلىگ بەگ»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» قاتارلىق قىممەتلىك مىراسلىرىمىزدا رەڭ ياكى رەڭ سۆزلىرى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىپادە كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بايان، تەسۋىرلەر بولۇپ، رەڭ سۆزلىرى ئەسلىي رەڭ مەنىسىدىن باشقا يەنى سىمۋوللۇق ياكى كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان.

ئۇيغۇرلار قىزىل رەڭنى ياخشىلىقنىڭ، خۇشاللىقنىڭ، بەخت-سائادەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، جەڭگىۋارلىقنىڭ، غەلىبىنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى، دەپ قارايدۇ. ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاستىلىرىدە قىزلارنى قىزىلگۈلگە ئوخشىتىپ، قىزىل رەڭنى ياشلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى» ناملىق كىتابتا «قەدىمكى زەردۇشت دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوتقا چوقۇنغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى يىراقتىن قارىسا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان، ئوتقا ئوخشىشىدىغان قىزىل توپىلىق يالقۇنتاغنى ‹قۇتتاغ› (بەخت بەرگۈچى تاغ) دەپ ئاتاپ، ئۇنى ئۇلۇغلىغان ۋە چوقۇنغان ھەمدە ‹قۇتتاغ›نىڭ قىزىل رەڭلىك ھالىتىنى قىزىل دوپپا كىيىش ئادىتى ئارقىلىق نامايان قىلغان» دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن.

يۇقىرىقىدەك مەنبەلەر ۋە دەلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك ۋە ئېستېتىكىسىدىكى بەدىئىي زوق رەڭ چۈشەنچىسىدە ئۇزاق تارىخنىڭ ئىزناسى بار. بۇ رەڭگە بولغان بەدىئىي زوق ئېستېتىك نۇقتىدىنلا ئەمەس، بەلكى خەلقىمىزنىڭ تارىخىي كۆرەشلەر جەريانىدا سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە بولغان تونۇش ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ ئىپادىسى. «غۇلجا دوپپىسى»نىڭ رەڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ ھازىرغىچە ئۆزگەرمەي داۋاملىشىپ كېلىشى ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرىدىكى فولكلور، تارىخ، مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە سىمۋوللۇق مەنىدىكى ئېتىقاد چۈشەنچىسىنىڭ بۈگۈنكى دەۋرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن نامايەندىلىرىنىڭ بىرى.


پايدىلانمىلار:

① ئارسلان ئابدۇللا: «قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل، 1-ئاي.

② ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1989-يىل 7-ئاي، 1-نەشرى.

③ ئابدۇرېھىم ھېبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي، 1-نەشرى.

④ چېن بوچۇەن: «‹سېرىس› ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل خەنزۇچە نەشرى، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» 1-قىسىم.

③ چيەنداۋ شىنشى (ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.



(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2007-يىللىق بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)




## ئابروي مەسىلىسى

مايكىنىڭ كونا ماشىنىسى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ماشىنىسىنى مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ، شۇ يەردە ئولتۇرغان تىلەمچىگە:

— ماشىنامغا بىر نەچچە مىنۇت قاراپ تۇرساڭ، — دەپتۇ. تىلەمچى تەستە ماقۇل بوپتۇ.

نەچچە مىنۇتتىن كېيىن مايك چىقىپتۇ ۋە يېنىدىن بەش ئامېرىكا دوللىرىنى چىقىرىپ تىلەمچىگە:

— بۇنى ئال، — دەپتۇ.

— بەك ئاز بولۇپ قالدى، — دەپتۇ تىلەمچى كۆزىنى چىمچىقلىتىپ.

— ئاز بولۇپ قالدى؟ نەچچە پۇل ئالىسەن؟

— بەش يۈز!

— نېمە؟ بەش يۈز؟! بۇ بۇلاڭچىلىقتۇ؟! ئۈچ مىنۇت قاراپ بەرگەنگە شۇنچە كۆپ ئالامسەن؟

— ئەپەندىم بۇ ۋاقىت مەسىلىسى ئەمەس، ئابرۇي مەسىلىسى، بىلەمسىز، يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئەبجەق ماشىنىنى مېنىڭكىمىكىن دەپ قېلىشتى، — دەپتۇ تىلەمچى ئاچچىقلاپ.

## ئۇستەل چىرىغى

نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىپ ساقايغان ئىككى بىمار دوختۇرخانىدىن چىقىش ئالدىدا دوختۇرخانا باشلىقى ئۇلارغا:

— دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن بىر-بىرىڭلارنى نازارەت قىلىڭلار، ئەگەر قايسىڭلارنىڭ كېسىلى يەنە تۇتۇپ قالسا يەنە بىرىڭلار تېزدىن دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ قويۇڭلار، — دەپ قايتا-قايتا جېكىلەپتۇ.



بىر كۈنى كەچتە ئارىسىدىن بىرى دوختۇرخانا باشلىقىغا تېلېفون قىلىپ:

— دوختۇر، ھەمرايىم ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۆزىنى ئۇستەل چىرىغى دەۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ قويۇڭ.

— ئۇنداقتا مەن نېمىنى ئۇستەل چىرىغى قىلىمەن.

## ھەقىقىي بۇلاڭچىلىق

ئىككى بۇلاڭچى كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا بۇلاڭچىلىققا كىرىپتۇ.

— پەرۋەردىگارىم ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئارىدىن بىرى تۇيۇقسىز. ھەمراھى چۆچۈپ كېتىپ سوراپتۇ:

— نېمە بولدى؟



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى






— قارىغىنە، مۇشۇ ئاددىي كىيىمنىڭ باھاسى 3000 يۈەن ئىكەن. ئەسلي بۇلاڭچىلىق مۇشۇ يەردىكەن ئەمەسمۇ!

### پو ئېتىش

بىر چەت ئەللىك ساياھەتچى باغنى زىيارەت قىپتۇ. ساياھەت يېتەكچىسى ماڭغاچ پو ئېتىشقا باشلاپتۇ:

— ئاپېلسىنلىرىمىزنىڭ چوڭلۇقى پۇتبولدەك، باناندىلىرىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى مۇناردەك بار، — دەۋېتىپ تاۋۇزغا پۇتلىشىپ كېتىپتۇ.

— هوي! ئۈزۈملىرىمنى ئاۋايلاڭ، — دەپ ۋارقىراپتۇ باغۋەن.

### سائەت نەچچە بولدى

ئۆيدىكى سائەت بۇزۇلۇپ قاپتۇ. ئايالى يولدىشىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ، بىراق يولدىشى ھۇرۇنلۇق قىلىپ رېمونت قىلدۇرماپتۇ.

بىر كۈنى كەچتە ئايالى:

— سائەتنى رېمونت قىلدۇرۇڭ، دېسەم ئۇنىمايسىز، سائەتنىڭ نەچچە بولغىنىنىمۇ بىلمەي ئولتۇرىمىز مانا، — دەپ ئاچچىقلاپتۇ.

يولدىشى:

بۇ ئاسانغۇ! — دەپلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىراپتۇ.

— نېمگە توۋلايسەن! سائەت 11 بولغاندا ئادەمنى ئۇخلاتماي! ئەتە يەنە ئىشلەيدىغان تۇرساق! — دەپ ۋارقىراپتۇ قوشنىسى.

### كۆيۈمچان ئوغۇل

15 ياشلىق ئوغلى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئاپىسىنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئاپا ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاپىسى بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا سىزنى ئاشخانىغا يۆلەپ ئەكىرىپ قوياي، — دەپتۇ ئوغلى.

### كېسەل يۇقۇپ قالمىسۇن

بىر كىشى قاۋاقخانىغا كىرىپ بىر ئىستاكان پىۋا سېتىۋاپتۇ ۋە لېۋىنى ئىستاكاننىڭ تۇتقۇچى بار تەرەپكە تەگكۈزۈپ ئىچىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن مۇلازىم ھەيران قېلىپ:

— ئەپەندىم، سىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىچىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇتقۇچى بار تەرەپكە كىشىلەر ئادەتتە لېۋىنى تەگكۈزۈپ يۈرمەيدۇ. بۇنداق ئىچسەم كېسەل يۇقۇپ قالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەر.

بىر ئازدىن كېيىن يەنە بىر كىشى قاۋاقخانىغا كىرىپ بىر ئىستاكان پىۋا ئاپتۇ ـ دە، لېۋىنى تۇتقۇچى بار تەرەپكە تەگكۈزۈپ ئىچىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن مۇلازىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەپەندىم، سىزمۇ كېسەل يۇقۇپ قېلىشتىن قورقامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، مېنىڭ كېسىلىم بار، مەن باشقىلارغا يۇقتۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەر.

**مەريەمگۈل قۇربان** (ت)

(ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)



# «خەمسە نەۋايى» دىكى ئىشق-مۇھەببەت قارىشى

ئالىيە ئېزىز

«خەمسەچىلىك شەرق ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە ئۇزاق ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشقان ئالاھىدە ئەدەبىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر پارس ۋە تۈركىي ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭدۇر» ①. يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «خەمسەچىلىك يىرىك ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ، ئۇ يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئەدەبىيات ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولغان ئوخشاتما ئەدەبىياتقا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش شەكلى بىلەن بارلىققا كەلدى»②. بۇ ئېقىم XII ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئەدەبىياتلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان. يازما ئەدەبىياتتا تۇنجى بولۇپ خەمسە يېزىشنى ئەزەربەيجانلىق شائىر نىزامى گەنجىۋى (1141-1209) باشلاپ بەرگەن. «خەمسە»نىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي داستان، قەھرىمانلىق، ئىشق-مۇھەببەت داستانى، ئىشق-مۇھەببەت بىلەن باغلانغان شاھلار توغرىسىدىكى داستان، تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان غايىۋى پادىشاھ ۋە غايىۋى دۆلەت توغرىسىدىكى داستاندۇر. ئۇنىڭ تېمىسى، ۋەقەلىكلىرى شەكلى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇنى ئوخشاش ئەمەس. شائىرنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان بەدىئىي غايىسىگە ئاساسەن مەزمۇن دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ بارىدۇ، خەمسە ئىجادىيىتى شۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

«نەۋايىنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە سەۋەب بولغان خىسلەتلىرى خۇسۇسەن «خەمسە»دە روشەن كۆرۈنىدۇ. «خەمسە» ئېپىك ئەسەر. ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «بەش»، «بەشلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەدەبىياتتا بەش داستاننىڭ توپلىمى «خەمسە» دەپ ئاتالغان. نەۋايىنىڭ «خەمسە»سى «ھەيرەتۇلئەبرار»، «پەرھاد-شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەر» دىن ئىبارەت بەش داستاندىن تەركىب تاپقان. «خەمسە» 51230 مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ يىرىك مەھسۇلىدۇر» ③. «خەمسە» شەرق داستانچىلىقى ئۈچۈن ئەنئەنە بولۇپ قالغان. مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان.



نەۋايى غايىۋى مەزمۇنغا باي، ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەرلىرى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «خەمسە» سى ئارقىلىق، خەمسەدىكى ئوبرازلار دۇنياسىنى، سۆزىتلىرىنى بېيىتتى. ئۆز دەۋرگە يارىشا مىللىي ئېڭىنى، مىللىي روھنى، مىللىي ۋىجدانىنى ئىپادىلىدى.

مۇھەببەت — ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىپادىسى. ئىشق — ئىنسانلاردىكى ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت مۆجىزىسى.

ئىشق-مۇھەببەت تېمىسى تارىختىن بېرى سانسىزلىغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن. ئىشق-مۇھەببەت ۋە قىز-ئوغۇللارنىڭ نىكاھ ھۆرلىكى ئىدىيەسى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇ تېمىلارنى ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە ئۆزگىچە خاراكتېرلار ئارقىلىق ئەسەرلىرىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ

ھەقتىكى ئىدىيەسىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XV ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (1441 ـ 1501) ئۆزىنىڭ 60 يىللىق ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىدە ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆرنەك بولغۇدەك يۈكسەك بەدىئىي نەمۇنە ياراتقان. نەۋائىي ئەسەرلىرى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە ۋە يۈكسەك ئېستېتىك قىممەتكە، كۈچلۈك پەلسەپىۋى ئىدىيەۋى ئاساسقا، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە.

نەۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىسلام دىنى مۇھىتىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەتكە مەركەزلەشكەن. ئىشقنى ۋاستە قىلغان ئىجتىمائىي ئەخلاقىي تېمىلارغا تۇتىشىدۇ. ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى، مەڭگۈلۈك تېمىلارنىڭ بىرى. ئۇ تارىختىن بۇيان ناھايىتى كەڭ ئىجتىمائىي مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا بىۋاستە ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى تەتقىق قىلىش بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇھەببەت گەرچە دۇنياۋى تېما، ئۆزگەرمەس نىدا بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى دەۋرلەردە كىشىلەر ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن قاراپ، ئوخشىمىغان تەبىرلەرنى بېرىپ كەلدى. نەۋائىي «ئىشق ئەڭ نازۇك، ئەۋرىشىم، شۇنداقلا سىرلىق بىر ھېسسىيات، ئىنسان قەلبىنىڭ ئۆركىشى، بەزىدە پىنھان، بەزىدە ئاشكارا، گاھى يېقىملىق، گۈزەل، بەزىدە ھىجران ئازابى ھەم قايغۇ ئاتا قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسى ئەلىشىر نەۋائىي ئىجادىيىتىدە كۆپ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە. شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىكى «مەن»نىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى، ھىجران ۋە ھەسرەتلىرى، يارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭغا زارلىنىش، ۋاپادارلىق، پاكلىق، ئۈمىدۋارلىق، مۇڭلۇق ئەسلىمە تەسىراتلىرى، ئويلىرىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان. شەخسىي مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، تۇرمۇشىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار داۋامىدا كۈچەيگەن ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى پۈتكۈل ھاياتلىق، ئىنسانىيەت، بەخت، ئاقىۋەت، مۇھەببەت، ئۆلۈم، تەقدىر توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىر قىسمىتى ھەققىدىكى ئازابلىق ھېسسىياتى ۋە پىكىرلىرىنى يۈكسەك ئېستېتىك گۈزەللىككە ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەخسۇس مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەر «مۇھەببەتنامە» بولۇپ، بۇ ئەسەر قوچۇ دەۋرىدە ياشىغان شائىر ئاپرىنچۇر تېگىن تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ مۇقەددىمىدىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان مۇھەببەت ۋە ئىشق كۈيلەنگەن نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دىكى يۈسۈپ ـ زىلەيخا قىسسىلىرى، خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانى، سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى، نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» قاتارلىق داستانلىرى بار.

بىز تۆۋەندە نەۋائىينىڭ مۇھەببەت داستانلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن ئەسەر «پەرھاد ـ شېرىن» ۋە «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

«پەرھاد ـ شېرىن» داستانى بولسا «خەمسە»نىڭ ئىككىنچى چوڭ داستانى بولۇپ، ئۇ ئىشق بابىدا مۇھەببەتنامە، لېكىن مەقسەت بابىدا ئەمگەكنامە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شەرق ئەللىرى ئېغىز ئەدەبىياتنامە، لېكىن مەقسەت بابىدا ئەمگەكنامە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شەرق ئەللىرى ئېغىز ئەدەبىياتى تارىخىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈش تارىخى ئەڭ ئۇزاق، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئەزەلدىن بېيىتىپ كەلگەن ۋە مەڭگۈگە ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدىغان، ئېغىز ئەدەبىياتى تارىخىمىزدا نوپۇزلۇق ئورۇندا تۇرىدىغان، قەدىمدە ئەل ئارىسىغا رىۋايەت ۋە چۆچەك شەكلىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان «خىسراۋ ـ شېرىن»نىڭ ۋەقەلىكىنى مەنبە قىلىش ئارقىلىق يېڭىدىن ئىجاد قىلغان مۇھەببەت داستانىدۇر. داستاندا باش قەھرىمان پەرھاد جاھاننامە ئەينىكى بىلەن شېرىننى كۆرۈپلا ئىشق دەردىگە مۇپتىلا بولىدۇ. پەرھاد مۇپتىلا بولغان ئىشق ئىلاھىي مەرىپەت، ئالىيجانابلىق، ئىجادكارلىقنىڭ مەنبەسى بولغان ئىشق سەۋدالىقى بىرلەشكەچكە، ئۇ شېرىن ۋىسالى ئۈچۈن ھەر قانداق مۈشكۈلاتلارنى يېڭىشكە بەل باغلايدۇ. ئۇ ۋىسالىق يولىدا ئىزدىنىپ، ئاخىر ئەرمەن ئېلىگە كېلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى گۈزەللىك ئارقىلىق شېرىننىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن بولسا، زامان كۈلپەتلىرى سەۋەبلىك ئادالەتنىڭ كۈشەندىسى بولغان خىسراۋنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ھالاك بولىدۇ.

«لەيلى ـ مەجنۇن» داستانى شەرق خەلقلىرى

فولكورلىرىنىڭ ئەڭ نادىر نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇھەب-
بەت ئەلەملىرىدە كۆيگەن، جۇدالىق ئوتلىرىدا پۇچىلاند-
غان بۇ بەختسىز ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى
ھېكايە قىلىنغان. لەيلى بىلەن مەجنۇن ئوتتۇرىسىدىكى
ئىشقمۇ ئۇلار بىر مەدرىستە ئوقۇش جەريانىدا بىخلىنىدۇ.
تۈرلۈك قىسمەتلەردىن كېيىن، بۇ ئاشىق- مەشۇقلار بىر-
بىرىنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمەي، بۇ رەھىمسىز دۇنيادىن ۋاقىت-
سىز ئايرىلىدۇ. داستاندا قەيسنى ئۆزىدىكى ئىشق ۋە ئە-
قىدە سەۋەبى بىلەن ئۇنى «مەجنۇن» دەپ تەرىپلەيدۇ.
قەيس ھەق- ئادالەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى بىلەن
بىۋاستە باغلانغان ئىشققا مۇپتىلا بولغاچقا، ئاخىر ۋىسال-
لىق يولىدا قۇربان بولىدۇ. نەۋايى ئۆز ئەسەرلىرىدە
ئىشقنىڭ قۇدرىتى، ئۇنىڭ خاسىيىتى ۋە شىددىتى ھەققىدە
كەڭ توختىلىدۇ. ئىشقنى ۋاستە قىلغان ھەقنى ۋە ھەققىي
مەنىدىكى ئىنسانىنى، مەردلىكنى كۈيلەپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە
زامانىنىڭ زۇلۇمى، زوراۋانلىق- قاباھەت ۋە نادانلىقنى
ئىنكار قىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى داستاندا، ئاساسەن ئىشق-
مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان
ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ چىرىك فېئوداللىق قائىدە- يوسۇن-
لارنىڭ بوغۇشى ۋە نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمى شارائىتى-
دا مۇرات- مەقسەتلىرىگە يېتىش يولىدا شۇنچىلىك تىرىش-
چانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىجتىمائىي
مۇھىت ۋە شارائىت سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولۇشتەك بىر
خىل تىراگېدىيە بايان قىلىنغان. فېئودال ھۆكۈمرانلار
بارلىق بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىقلارنى ئۆزى قىلىپ تۇ-
رۇقلۇق چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە قارشى تۇراتتى. بۇ
ھال شائىرنى قولىغا قەلەم ئېلىپ، يۇقىرىقى مۇھەببەت
داستانلىرىنى يېزىشقا تۈرتكە بولدى.

نەۋايى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى،
ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىگە، يەنى ئۇنىڭ ئىلاھىي مەرىپەت جىل-
ۋىلەنگەن قەلبىگە مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، بۇ خىل
قەلبنىڭ پىسخىك ھالىتى ھامان ئۇنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى
ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. نەۋايى ئۆزى-
نىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ناملىق ئەسىرىدە ئىنسانغا
خاس ئالى تۇيغۇ ھېسابلانغان ئىشقنى ئالاھىدە ئۇلۇغ-
لاپ: «ئىشقسىز كىشىك، دەردسىز ئېشەك» دەپ خۇلا-
سىلەپ، ئىشقنى ئىنسان ماھىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، ئىن-
سانىي قەدىر- قىممەتنىڭ يادروسى سۈپىتىدە تونۇيدۇ. ئۇ
«پەرھاد- شېرىن» ۋە «لەيلى- مەجنۇن» داستانلىرىدىكى
بۇ پېرسوناژلارنىڭ قايسى ئىجتىمائىي ئورۇنغا تەۋە بولۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ قەلبى ئىشق بىلەن نۇرلاند-
غان، شۇڭا ئۇلارنى ئىنسانىي پەزىلەت ۋە مەنىۋى گۈزەل-
لىكتە ھەرقاچان غالىب ئىنسانلار دەپ تەرىپلىگەن بولسا،
ئەكسىچە ئۇنىڭدىكى سەلبىي ئوبرازلارنى شۇ قەدەر
رەزىل ۋە خۇنۇك ھالەتتە تەسۋىرلەيدۇ. بۇ سەلبىي پېر-
سوناژلارنىڭ ئوبرازىنىڭ خۇنۇكلۇكى ۋە شۇ قەدەر
رەزىل قىلىپ يارىتىلىشى ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى
ئىشقنىڭ ئاجىز ۋە خۇنۇكلۇكىدىن بولغانىدى.

«پەرھاد- شېرىن» داستانىدىكى پەرھاد ئوبرازى —
بارلىق قابىلىيەت، پەزىلەت، ئەقىل- پاراسەت، ئەمگەك-
سەنئەت ئەھلىنىڭ يارقىن تىمسالى، مۇھەببەت — ۋاپا، سا-
داقەت — چىن دوستلۇقنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى قىلىپ
تەسۋىرلىنىدۇ. پەرھاد جاھاننامە ئەينىكى ئارقىلىق شېرىننى
كۆرۈپ ئاشىق بولغاندىن كېيىن، ئاتا- ئانىسى ئۇنىڭ كۆڭ-
لىنى ئوۋلاش ئۈچۈن ماچىندا تۆت پەسىل مەنزىرىسىنى نا-
مايان قىلغان قەسر- چاھارباغ سالدۇرىدۇ. ئەمما پەرھاد
بۇنداق راھەت- پاراغەت ۋە تاجۇ- تەختتىن ئىشق- مۇ-
ھەببەتنى ئەلا بىلىدۇ ۋە شۇ يولغا ماڭىدۇ. شېرىن ئوبرازى
— بىلىملىك، ئىنسانپەرۋەر، ئىرادىلىك، ساداقەتلىك، ئىشق
- مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش روھىغا ئىگە قىز.
شېرىن پەرھادنىڭ ئېسىل پەزىلىتىگە مەپتۇن بولۇپ قال-
دۇ. پەرھاد بىلەن شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت
ئەمگەك جەريانىدا، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىش داۋامىدا
بارغانچە كۈچىيىپ بارىدۇ. ئاخىر شېرىن پەرھاد ئۈچۈن
ئۆز ھاياتىنى بۇ قانلىق پاجىئە بىلەن ئاياغلاشتۇرىدۇ.

شائىر قەيس (مەجنۇن) ئوبرازىنى ياراتقاندا، ئۇنى
زامانىنىڭ ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن كىشى سۈپىتىدە تەس-
ۋىرلەيدۇ. قەيس ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى، ئېسىل ئەخلا-
قىي پەزىلىتى، قەيسەرلىكى بىلەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا
ئۇلۇغ بىر كىشى بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ، ئۇ مۇھەببەت ئەر-
كىنلىكى يولىدا كۈرەش قىلغان ئىسيانكار ئوبرازدۇر.

لەيلى ئوبرازى — فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە
قارشى چىقىپ، ئەركىن مۇھەببەت ئۈچۈن كۈرەش
قىلغان، ئۆز ئەقىدىسى يولىدا بارلىقىدىن كەچكەن سادا-

www.uyghurkitap.com



قەتمەن، پاك- ۋىجدانلىق خوتۇن- قىزلارنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر. لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ مۇھەببەت- نەپرىتى بىر يەردىن چىققاچقا، ئۇلارنىڭ مەنىۋى رىشتىسى بىر- بىرىگە باغلانغان، ئاخىرىدا بۇ ئاشىق- مەشۇقلار ئۆز مۇھەببىتىگە مەڭگۈ سادىق بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

نەۋايى كامىل ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن، ھەقىقىي ئاشىق بولۇشى كېرەك، ئىشق ئوتى بار بولغان ئادەم ھەقىقىي كامىل ئىنسان دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن دائىم تىرىشىدۇ دەپ قارايدۇ. شائىر «پەرھاد- شېرىن» ۋە «لەيلى- مەجنۇن» قاتارلىق مۇھەببەت داستانلىرىدا سەممىي سۆيگۈ- مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان. ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ ئىشق- مۇھەببەتتىكى ۋاپادارلىقى، ساداقىتى ۋە قايتماس ئىرادىسىنى يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەن، شۇنداقلا بۇ ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ ۋىسال ئىزدەش يولىدا ئۆلۈشىنى ئۇلارنىڭ ساداقىتى، ۋاپادارلىقى ۋە قايتماس ئىرادىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ كۆرسەتكەن.

خۇلاسە قىلغاندا، نەۋايى غەزەللىرىدە ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە ئادالەتپەرۋەر جامائەتچىلىكنىڭ پىكىرلىرىنى دىققەت نەزەرىدە تۇتۇپ، ئىشقىدا ئىمتىياز بولماسلىق چۈشەنچىسىنى ئالغا سۈرگەن. ئۇ يەنە ئاشىق- مەشۇقلار مەيلى يۇقىرى تەبىقە ياكى تۆۋەن قاتلامدىن بولسۇن، ئۇلاردىن ھېچقايسىسى ئىمتىيازلىق بولماسلىقى، يەنى ئاشىق مەشۇقىنى ياكى مەشۇق ئاشىقىنى تەڭ ئورۇنىدا، تەڭ مۇناسىۋەتتە بىر- بىرىگە ھەمدەم- ھەمنەپەس بولۇش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. دېمەك، ئىشق- مۇھەببەت گۈزەللىكى ئۇلۇغ مەنىۋى يۈكسەكلىك بولۇپ، ئۇ دۇنيانى يارىتىدۇ. ئىنساننى كامالەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. لېكىن ھەرقانداق بىر جاھالەتلىك تۈزۈم شارائىتىدا ئىنسان بەخت- سائادىتىدىن، ۋىسال شادلىقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. نەۋايى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق XV ئەسىر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى، زۇلمەت فېئودال قارا جەمئىيىتىدىكى پۈتكۈل خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى پۇچەكلىكىنى پاش قىلىش ئارقىلىق، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە، ۋاپا- ساداقەتمەنلىككە، باتۇرلۇق- قەھرىمانلىققا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇدى.

يىغىنچاقلىغاندا نەۋايى لىرىكىلىرىدىكى ئىشق- ئىنسانغا مەنىۋى كۈچ، روھىي نېمەت بېغىشلاپ، ئاشىقنىڭ روھىنى پاك قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجادىي يۈكسىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئىشق- مۇھەببەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گۇمانىستىك خەلقچىللىق ئىدىيە- پىكىر ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا بولغان كۆز قارىشىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى رول ئويناۋاتقان ھايات سەھنىسىدە شائىرنىڭ بېشىغا كەلگەن شەخسىي تۇرمۇش، سىياسىي ھايات ۋە ئىجادىيەت مۇساپىسىدىكى بارلىق كەسكىن زىددىيەتلەر، ئوڭۇشسىزلىقلار، توسقۇنلۇقلار، بەختسىزلىكلەر پەيدا قىلغان ۋە ئىزچىل كۈچەيتكەن ئېغىر تىنىقلار، تەنھالىق، غېرىبسىنىش، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ئازاب، ھەسرەتلىك ھېسسىيات ۋە پوزىتسىيەنىڭ تۈرتكىسى، نەتىجىسى.

ئىزاھاتلار:

① ئەسئەت سۇلايمان:«‹خەمسەچىلىك› ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001- يىل، 1- بەت.

② ئەشرەپ ئابدۇللا: «خەمسە ۋە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە»نى يېزىشىغا دائىر مەسىلىلەر»، «بۇلاق» 2000- يىل 1- سان، 59- بەت.

③ توختاسىن جالالوۋ: «خەمسە تەلقىنلىرى»، ژۇرنىلىنىڭ 2006- يىل 5- سان، 74- بەت.

پايدىلانمىلار:

1. «پەرھاد- شېرىن» داستانى، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991- يىل نەشرى.

2. ئەلىشىر نەۋايى «لەيلى- مەجنۇن» داستانى، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991- نەشرى.

3. ئابدۇراخمان باقى: «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى، 2008- يىل 4- سان.

4. ئابلاجان ئۇمىد يار: «نەۋايى ئىجادىيتىنىڭ ئىدىيەۋى مەنبەسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەرى، 2008- يىل 2- سان.

5. ت. ساۋۇت، خ. بەكرى: «ھېرقىتنىڭ ‹مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتنامە› داستانىدىكى مۇھەببەت قارىشى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى، 2007- يىل 4- سان.

6. خەيرىگۈل ياقۇپ: «ئەلىشىر نەۋايى داستانلىرىدىكى تىراگېدىيەلىك روھ»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007- يىل 1- سان.

7. توختاسىن جالالوۋ: «خەمسە تەلقىنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2006- يىل 6- سان.

8. توختاسىن جالالوۋ: «خەمسە تەلقىنلىرى»، ژۇرنىلىنىڭ 2007- يىل 1- سان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2007- يىللىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئاسپىرانتى)

# «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە بولغان ئومۇمىي مۇندەرىجىسى *


يەرشارى: مەن خەۋپتە ........ تاھىرجان سىدىق تەرجىمىسى (52)
ياۋروپا بىزدىن قانچىلىك يىراق؟ ........ ئەخمەت يەھيا تەرجىمىسى (66)
يەھۇدىيلارنىڭ ئەقىل ـ بايلىق دەستۇرى ........ مۇختار مۇھەممەد تەرجىمىسى (73)
مەدەنىيەت توقۇنۇشى ........ ساموئېل خۇنىڭتون (ئامېرىكا) ئابدۇرېھىم دۆلەت تەرجىمىسى (76)
جۇڭگولۇقلار بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ پو ئېتىش، ماختىنىشلىرى ........ قادىر راخمان تەرجىمىسى (30)

2002 ـ يىللىق 4 ـ سان

كىمنى قورقۇتماقچى ........ (14)
شۈكۈر، ھېلىمۇ ياخشى مەدىكارلارنىڭ چاتقى ئەمەسكەن ........ (17)
قانۇن توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلار ........ (18)
ئىككى خىل ھەققانىيەتنىڭ توقۇنۇشى ........ توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى (21)
ئەڭ گۈزەل يول ........ (38)
غۇرۇرىڭىز بىلەن ياشاڭ ........ (46)
خۇشاللىق بېغىشلاش ........ (51)
ئەقىل قېرىماس ........ (57)
تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى ........ (65)
ئەنئەنە ئاتونىي گىددىنىس ........ (39)
دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق تراگېدىيىسى ........ (70)

2002 ـ يىللىق 5 ـ سان

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەڭ ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان كىتاب — «كارل ۋېتنىڭ تەربىيىسى» كارل ۋېت (گېرمانىيە) ........ (46)
ۋوتكىزمىچى يېلىتسىن ........ چېن ياۋمىڭ (74)
تەكلىماكاننىڭ قايتا چاقىرىشى ........ ناتورى تومۇخارۇ، ناتورى شىئوكۇ (ياپونىيە) (42)
ئېمىل زولانى ئەسلەپ ........ توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى (55)
ئارىلىقى «قوغۇنلۇقنىڭ يولى»چىلىكلا بار ........ توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى (56)
«تارىخىي خاتىرىلەر» چىنمۇ؟ ........ مۇختار تۇردى تەرجىمىسى (61)
مەخپىي رېتسېپ ........ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (76)

2002 ـ يىللىق 6 ـ سان

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەڭ ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان كىتاب — «كارل ۋېتنىڭ تەربىيىسى» ........ كارل ۋېت (گېرمانىيە) (50)
مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى ........ ئەكبەر ئەھمەد (پاكىستان) (25)
مېنىڭ ھەرىكىتىمنى تارىخ باھالىسۇن ........ ئېمىل زولا (22)
ۋىجدانىنى گۆرۈگە قويۇش ........ ئاينۇر مەتتۇرسۇن تەرجىمىسى (42)
تېلېۋىزور قان چىقارماي جان ئالىدۇ ........ مەتېمىن ھوشۇر تەرجىمىسى (48)
گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا ........ (69)
تەگرىنىڭ سىنىقى ........ داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى (77)

2003 ـ يىللىق 1 ـ سان

«ئىنگلىز تىلى»لىقلارنىڭ ھەسرىتى ........ رۇەن ۋېي (8)
قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە ـ زارى ........ چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (20)
ئادەم سۆزىدىن بىلىنەر ........ ئېلىس موترىك (ئەنگلىيە) (11)
بىزنىڭ تۇرمۇش يولىمىز ........ ئېرىخ فروم (49)
ئامېرىكىلىقلار ئەقىل ساتىدۇ، جۇڭگولۇقلارچۇ؟ ........ مەي دى (53)
تارىخشۇناسلار، خاپا بولماڭلار! ........ توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى (70)
«جامائەت پىكرىنىڭ بىردەكلىكى»نىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ........ (71)


---

* بېشى ئۆتكەن ساندا

www.uyghurkitap.com



خەلق «بەزى ئادەملەر»چىلىكمۇ بولالمايدۇ؟ .................... (73)
غەربىي شىمال ئاشلىق خەزىنىسىدىكى خىيانەتچىلىك .................... (74)
قەدرى قىممەتلىك ئۆزرە .................... (76)
بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ قويۇڭ .................... (77)

2003-يىللىق 2-سان

قەشقەر ئادەتلىرى .................... ئە. ك. ئىلكول (28)
خەير - خوش خوتەن قەغىزى .................... (37)
تارىخ، ئۇ بىر ماياكتۇر .................... (64)
پەرىشتىنىڭ كۆزى .................... (67)
ھايات-ماماتلىق دەقىقىلەردە .................... (70)
دىيانەت .................... (78)
قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە-زارى .......... چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (40)

2003-يىللىق 3-سان

بۇرۇنقى زاماننىڭ ئاجايىپ ئادەملىرى .................... مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى (5)
ئاجايىپ سىناق .................... داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى (11)
توشقاننىڭ كۆزى نېمىشقا قىزىل .................... (12)
ئاقىل پۇلدارنىڭ ۋەسىيىتى .................... (26)
ئەجدىھا ئېتىقادچىلىقى .................... (29)
ۋەسىيەتنامە .................... (44)
تۈلكە بىلەن قاغىنىڭ دەتالىشى .................... (46)
كېنىيەلىكلەرنىڭ «ۋۇجۇدىنى پاكلاش» مۇراسىمى .................... (56)
يەنە شۇ قانۇن ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى .................... (70)
خىزمەتچى تاللاش .................... (53)
قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە-زارى .......... چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (13)

2003-يىللىق 4-سان

قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە-زارى .......... چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (39)
ئەدىبلەرنىڭ تىلى .................... (49)
«ھەمراھ» قويۇپ بېرىشكە مەنئى ياردەملەشكەن .................... (50)
فېليەتونچىلار .................... (53)
باتۇرلۇق كۈيى .................... (55)
99 ئالتۇن تەڭگە .................... (58)
ئاننىڭ پۇتى .................... (60)
بالام، خەت يېزىشنى ئۇنتۇما .................... (76)

2003-يىللىق 5-سان

كىم خاتا قىلدىڭ دېيەلىسۇن .................... چىڭ جىن (ئامېرىكا) (14)
قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە-زارى .......... چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (49)
تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدىن كېيىنكى ئىشلار .................... (22)
نامراتلار نېمىشقا نامرات .................... (32)
ئالا ئىنەكنىڭ پۇشتى .................... (37)
يىلان بىلەن توشقان .................... (38)
قۇشقاچلار روھى .................... (38)
چەت ئەلدىكى تۆت ھېكايە .................... (47)
سوقرات ۋە فولىي .................... (71)
بوراندا قالغان قومۇش .................... (73)

چاۋاك تىلەمچىلىرى .......... (75)

ساغلاملىق تەبىئىي ئوزۇقلۇققا موھتاج .......... (77)

2003- يىللىق 6- سان

مېنىڭ يەنە بىر تىلىم .......... ۋاڭ مېڭ (7)

قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە- زارى .......... چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (9)

ئىشىڭىزغا پۇختا بولۇڭ .......... ۋاڭ مېڭ (50)

شەھەر روھى .......... (53)

ھايات رىقابىتى .......... (55)

نادانلىق ۋە كولدۇرلىتىش .......... (60)

ئەۋزەللىك ۋە يېتەرسىزلىك .......... (61)

2004- يىللىق 1- سان

قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە- زارى .......... چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (23)

قائىدە- يوسۇن ئاستىدا يارىتىلىۋاتقان ئامېرىكا .......... (47)

سىگانلار تارىخنى ناخشا- مۇزىكا بىلەن يازىدۇ .......... (55)

خۇ فېڭنىڭ قولغا ئېلىنىشى .......... (62)

شور پېشانە .......... (64)

دېھقان نېمشقا قانۇندىن قورقىدۇ .......... (67)

ئەگەر «خەلق گېزىتى» «جاۋاب» بەرمەكچى بولسا .......... (69)

2004- يىللىق 2- سان

ستېنا خانىمنىڭ تەبىئىي تەربىيەسى .......... ستېنا (ئامېرىكا) (1)

پارتىيە ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا نازارەت قىلىنىدىغان بولدى .......... (29)

سىياسىي گۆدەكلىك كېسىلى .......... (32)

ئۇلار دېھقان بولغاچقا .......... (34)

قاراغۇلار بۇ سەتچىلىكنى .......... (36)

غەم- قايغۇنىڭ مەنبەسى .......... (38)

بىرى سىزگە ياردەم قىلىدۇ .......... (40)

قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە- زارى .......... چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (54)

قەشقەرگە سەپەر .......... ئالبېرت. فون. لېكوك (گېرمانىيە) (69)

2004- يىللىق 3- سان

قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە- زارى .......... چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (15)

«ئادەمنى ئاساس قىلىش»قا بىر نەزەر .......... (66)

بوتۇلكا بىلەن نامراتلارنى يۆلەش .......... (15)

توكيودا قانچە تېلېۋىزىيە قانىلى بار .......... (28)

«مۇتەخەسسىسلەر» پاخاللىقى .......... (72)

پۇرسەت .......... (74)

قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە- زارى .......... چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (54)

2004- يىللىق 5- سان

قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە- زارى .......... چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (23)

خىيانەتچىنىڭ باياني .......... (34)

مەن داپيۇز .......... (36)

زەھەرلىك ئادەم .......... (38)

2004- يىللىق 6- سان

قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە- زارى .......... چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت (53)

خاپىلىق ۋە سەگەكلىك .......... (69)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




يالغان ئۇخلىۋالغانلارنى ئويغاتقىلى بولمايدۇ ........ (71)

پاقىنىڭ ئىقرارنامىسى ........ (75)

كېپىنەك قۇرتى ........ (77)

2005ـ يىللىق 1ـ سان

بۈيۈك چىڭ پادىشاھلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ........ (37)

ھەقتىن قورقۇش كېرەك ........ (59)

خىيانەتچى ئەمەلدار قانداق بولىدۇ ........ (66)

ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تۇخۇم ........ (67)

سۆيگۈ مۇنداقمۇ ئىپادىلىنىدۇ ........ (74)

قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغاندىن كېيىن ........ (76)

2005ـ يىللىق 2ـ سان

مەدەنىيەت ــ تارىخنىڭ ئۇلۇغ ئىقىمى ........ سۇن جىياجىڭ (1)

قۇت بەلگىسى ــ سۇمۇرغ ........ مۇختار تۇردى تەرجىمىسى (46)

2005ـ يىللىق 3ـ سان

بالىلىقتا قالغۇم بار ........ (51)

تەگرىنىڭ زىيارىتى ........ (62)

بالىلىرىمىزنى قۇتقۇزۇۋالايلى ........ (65)

2005ـ يىللىق 4ـ سان

مەن قېرىغاندا ........ جەملە تۇرسۇن تەرجىمىسى (28)

سۆيگۈ ــ ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ........ (51)

كىچىك ئىشقا سەل قارىماڭ ........ (45)

(ماقالىلەر)

1999ـ يىللىق 1ـ سان

ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدىكى «مەدەنىيەت» ۋە «ئۆرپ ـ ئادەت» توغرىسىدا ........ غەيرەتجان ئوسمان (20)

ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقنى مۇقەددەس بىلىشى توغرىسىدا ئىلتىكىن ........ (73)

1999ـ يىللىق 2ـ سان

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە قاراشلىرىنىڭ قىممىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى ........ ماخمۇتجان مۇھەممەد (17)

1999ـ يىللىق 3ـ سان

فىرازبىرنىڭ سېھىرگەرلىك دىن قارىشى توغرىسىدا ........ دىلمۇرات ماخمۇت (25)

ئۇيغۇر خەلق بالىلار قوشاقلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە ........ نۇرنىسا باقى (60)

ئۇيغۇر خەلق دېھقانچىلىق مۇراسىم مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى قىممىتى ........ قەلبىنۇر مۇھەممەد (66)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنىڭ بالىلارنى تەربىيەلەشتىكى رولى ........ روزىگۈل ئىسكەندەر (73)

1999ـ يىللىق 4ـ سان

ئىنسانغا ئايلانغان رېئاللىق ........ ئابدۇكېرىم راخمان (25)

1999ـ يىللىق 5ـ سان

ئىنسانە تەتقىقاتىنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا ........ تۇرسۇن قۇربان كەلپىن (50)

ماقال ـ تەمسىللەردىكى مىللىيلىك ۋە ئورتاقلىق ........ مەتقاسىم ئابدۇراخمان (67)

1999ـ يىللىق 6ـ سان

خاسىيەتلىك سان توققۇز ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ........ غەيرەتجان ئوسمان (57)

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلەك تىلەش ئادەتلىرى توغرىسىدا ........ ئايگۈل ئابلا (71)

2000ـ يىللىق 1ـ سان

قۇربانلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا ........ ئا. موللا، ت. كەلپىن (50)

2000ـ يىللىق 2ـ سان

ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىدىكى شوكۇرچىلىك ئىدىيەسى توغرىسىدا ........ ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى (36)

«ئۇر توقماق» چۆچىكىدىن «براخمان ۋە پەرىزاتلار» ئەپسانىسىگە نەزەر ............ تۇرسۇنجان مۇھەممەد (48)
ئۇيغۇرلاردىكى يامغۇر تىلەش ئادىتى توغرىسىدا ............ يۈسۈپ ئىسھاق (55)
قىرغىز ئېپوسلىرى ھەققىدە ............ توقتۇبۇبۇ ئىسھاق (67)

2000- يىللىق 3- سان

سېھرىي بېشارەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدا ............ دىلمۇرات ماخمۇت (21)
چوپانلىقلارنىڭ توي- تۆكۈن ئادەتلىرى ............ كېرەم نىياز (57)
سەللە ............ مۇختار مامۇت مۇھەممەدى (69)

2000- يىللىق 4- سان

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى كەمەك ھەييار ئوبرازىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ............ غەيرەتجان ئوسمان (18)
«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى قەدىمكى ئېتىقاد ۋە ئۆرپ- ئادەتلەر ھەققىدە مۇلاھىزە ............ ئەشرەپ ئابدۇللا (44)
«ئابدۇراخمان خوجا» داستانى ھەققىدە ............ ئەلانۇر يۈسۈپ (69)
ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىكى ھامىلدارلىق ۋە تۇغۇت مەزگىلىدىكى ئادەتلەر ............ گۈلبەھرەم غېنى (60)

2000- يىللىق 5- سان

بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىسمىتى ............ ئەسئەت سۇلايمان (7)
كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكىدىكى شامانىزم ئىزناسى ............ تۇرسۇنجان مۇھەممەد (25)
شىنجاڭدا ئۇيغۇر فولكلورى تەتقىقاتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە يېقىنقى تەرەققىيات ئەھۋالى ............ ئەسئەت سۇلايمان (37)
«‹AT› تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» ھەققىدە ............ ئوسمان ئىسمايىل (47)
قوم، چەرچەن، توغراق روھى ............ نۇرمۇھەممەد زامان (17)
ئىلى خەلق مۇڭ- زار قوشاقلىرىنىڭ ئېستېتىك گۈزەللىكى ............ قەلبىنۇر مۇھەممەد (59)

2000- يىللىق 6- سان

بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىسمىتى ............ ئەسئەت سۇلايمان (1)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ۋە تەن ساغلاملىقى ............ غالىب مۇھەممەد (قارلۇق) (42)

2001- يىللىق 1- سان

بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىسمىتى ............ ئەسئەت سۇلايمان (7)
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد قاغانى كۆل بىلگە، مويۇنچۇر ۋە ئىدىكەن ............ ئالىيە ئەنۋەر (46)
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا سىناق موتىفى ۋە قىرانلىق ئېڭى ............ مېھراي مەمتىلى (65)
باللارغا بېرىلىدىغان دوستلۇق ۋە ۋاپا تەربىيەسى ھەققىدە ............ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (24)
ئىسلام روھى ۋە بۈگۈنكى رېئاللىقىمىز ............ ئوسمان ئىسمايىل (36)
قومتۇرا مىڭئۆيىنىڭ كۆز يېشى توختىسۇن ............ مۇختار مۇھەممەد (60)

2001- يىللىق 2- سان

بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىسمىتى ............ ئەسئەت سۇلايمان (9)
گۈننار ياررىڭ ۋە «ئۇيغۇر كىيىم- كېچەكلىرى ھەققىدە» بايان ............ تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت (32)
مارالبېشىدىكى مازارلار ............ نۇرمۇھەممەد زامان (44)

2001- يىللىق 3- سان

ئۇدۇن ساك يېزىقى ۋە ئۇنىڭدا يېزىلغان يادىكارلىقلار ............ تەلئەت ئوبۇلقاسىم (9)
چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ھۈنەر- سەنئەت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ............ ئابدۇراخمان ھاجى مۆمىن (40)

2001- يىللىق 4- سان

خوتەن قاش مەدەنىيىتى ............ ئىمىن تۇرسۇن (1)
رىۋايەتلەردىكى يەجۈجى- مەجۈجىلەر ............ ئەمەت دەرۋىش (12)
ئەجدادلىرىمىزدىكى نۇتۇق مەدەنىيىتى ............ ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت (23)
يۇرتىمىزدا تۆمۈرچىلىك ............ مامۇت قۇربان (59)
ئۇيغۇر ۋە ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرىدىكى جىنسىي كەمستىش ............ گۈلباھار مەتتوختى (45)

2001- يىللىق 5- سان

مۇقەددەس سان «يەتتە» ............ ئىلتىكىن (5)
ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنىڭ شەكىللىنىشى ............ مەتقاسىم مەتنىياز (51)

www.uyghurkitap.com



ئۆزۈلمەس ئېقىن ...................... پاتىگۈل ئەخمەت (51)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئوچاقنى ئۇلۇغلىشى ...................... فەيرەتجان ئوسمان (46)

2001ـ يىللىق 6ـ سان

ئۇنتۇلغان ھېكايە: كۆچمە كۆل ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھايات شەجەرىسى ...................... ئەسئەت سۇلايمان (1)
ئۇيغۇرلاردا دەپنىدىن ئىلگىرىكى پائالىيەتلەر ...................... دىلمۇرات ماخمۇت (31)
ئەپسانىۋى سان ۋە مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى ...................... ئېرنىست كاسىرى (گېرمانىيە) ئابدۇقادىر جالالىدىن (ت) (54)
تىل ئىستېمالى ھەققىدە ...................... پەرىدە ئىمىن (66)

2002ـ يىللىق 1ـ سان

ئوتتۇرا ئەسىر تۇسىدىكى قەشقەر ...................... گۇننار ياررىڭ مۇختار تۇردى تەرجىمىسى (8)
ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ...................... ھەبىبە قاسىم (42)
ئۇيغۇر كىشى لەقەملىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى ...................... يۈسۈپ ئىبراھىم (59)

2002ـ يىللىق 2ـ سان

ياۋروپالىقلارنىڭ نەزەرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ...................... ئەسئەت سۇلايمان (1)
«مىراس» ژۇرنىلى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى ...................... ئابدۇقادىر جالالىدىن (32)
«داۋانچىلىك» ناخشىسىدىكى سۆيگۈ ھېكايىسى ...................... جۇجى (49)
ستونا خانىمنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى ...................... مىراسو كايىچى (ياپونىيە) (67)
قومۇل كۆك مەشرىپى ...................... ئا. كېرەم، ئە. جېلىل (31)

2002ـ يىللىق 3ـ سان

ئۆزلۈكنىڭ چاقىرىشى ۋە فامىلە ئىنقىلابى ...................... ئەسئەت سۇلايمان (1)
نەسەب، فامىلە، سالاھىيەت ...................... ئابدۇقادىر جالالىدىن (33)
مېنىڭ فامىلەم ۋە يۇرتۇم ...................... جەن بوزەن (ئۇيغۇر) (38)
ئاتەش ئەقىدە — ئۆچمەس ئەقىدە ...................... ئەزىزى (23)
رۇس ئەندىزىسى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ...................... ئەسئەت سۇلايمان (54)

2002ـ يىللىق 4ـ سان

نەۋايى ۋە ئانا تىل غورۇرى ...................... ئەسئەت سۇلايمان (1)
ئۇيغۇرلاردا نامشۇناسلىق ...................... ئىمىن تۇرسۇن (10)
ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا ...................... مىراسو كايىچى (58)
تاجىكلارنىڭ رەڭ قارىشى ...................... ئابدۇرېھىم نورۇز (36)
ئۇيغۇرلاردىكى «ئاتالاندۇرۇش» ئادىتى ...................... مۇناجىدىن مۇنۇر (52)

2002ـ يىللىق 5ـ سان

ئائىلە ...................... رىزائۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن (1)
ئۇيغۇرچە ۋاقىت: ئۇيغۇر روھىنىڭ ئەينىكىمۇ؟ ...................... ئابدۇلئەھەد ئابدۇلرەشىد بەرقى (14)
ئامېرىكىدا شۆھرەت تاپقان ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ...................... نىياز كېرىم شەرقى (18)
شەرقنىڭ شەۋكىتى ...................... ئەزىزى (27)
ياپونىيە مېيجى يېڭىلىقىا كۆچۈش دەۋرى ۋە فامىلە ...................... مەريەم ساقىم (57)

2002ـ يىللىق 6ـ سان

ئائىلە ...................... رىزائۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن (1)
ئەتلەستە جۇلالانغان رەڭلەر دۇنياسى ...................... مېھراي مەمتىلى (16)
ئوقۇلۇش، چىرايمۇ بىر كىتاب ...................... ئابدۇلئەھەد ئابدۇلرەشىد بەرقى (44)
تۈركىيە تۈركلىرىدە فامىلە ۋە فامىلە ئىنقىلابى ...................... ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)، راھىلە داۋۇت ئەلچىن (38)
ئۇيغۇرلاردا فامىلە مەسىلىسى ۋە فامىلە قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان سۆزلەرنىڭ دائىرىسى توغرىسىدا . تۇرسۇن قۇربان تۈركەش (62)

2003ـ يىللىق 1ـ سان

چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش ...................... ئابدۇلئەھەد ئابدۇلرەشىد بەرقى (1)
ئەپسانە ۋە ئەپسانەشۇناسلىق ھەققىدە ...................... ئابدۇكېرىم راخمان (15)
ياپونىيەدىكى شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۆگىنىش ھاياتىدىن ئەسلىمە ...................... مەريەم ساقىم (38)

ئەرەب قەلئەسىدىكى كۈنلەر .......................... ئادىل تۇنىياز (69)

ئانىنىڭ بىر قولىدا بۆشۈك، بىر قولىدا دۇنيا تەۋرەر .......................... رىزائۇددىن ئېبىن فەخرۇددىن (56)


## 2003- يىللىق 2- سان


ئاياللار .......................... رىزائۇددىن ئېبىن فەخرۇددىن (1)

بۇلبۇل ئېيتۇر: گۈلزارىمدىن ئايرىما .......................... ئۆمەرجان سىدىق (8)

ئۇيغۇرلاردا خەتنە مۇراسىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخى .......................... ئەنۋەر سەمەت (20)

چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ توي مەشرەپلىرى .......................... ئا. ئېمىن، مەريەم مەمەت (53)

قەشقەر ئادەتلىرى .......................... ئە. ك. ئىلكول (28)

ئىدىقۇتتىكى ھايات سۇلىرى ئۈزۈلمىگەي .......................... ئۆمەرجان سىدىق (72)


## 2003- يىللىق 3- سان


ھازىرقى زامان كىيىنىش ئادەتلىرىمىزدىكى بەزى نۇقسانلار .......................... ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك (1)

ئون ئىككى مۇقامنىڭ مىللىي خاسلىقى .......................... ئىمىن تۇرسۇن (34)

نۇتۇقنىڭ كۈچ- قۇدرىتى .......................... ئاينۇر سابىت (75)

تىللا دەرىخى .......................... بەختىيار باھاۋۇدۇن (73)


## 2003- يىللىق 4- سان


«غايىۋى شەھەر»لەردىن «زامانىۋى شەھەر»لەرگىچە .......................... ئەسئەت سۇلايمان (1)

مەركىزىي ئاسىيا قۇرغاق رايونلىرىدا شەھەر كۆكەرتىشنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئاساسلىرى ھەققىدە تەتقىقات ... ئۈمىد خالىق (5)

«ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا»مۇ .......................... مۇختار مۇھەممەد (12)

ئۇيغۇرلاردا سەگەزچىلىك .......................... مۇختار تۇردى (ت) (24)

يامان تۇزەلمىگۈچە، زامان تۈزەلمەس .......................... يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى (27)

يىروپ ۋە ئۇنىڭ چۆچەكلەر مورفولوگىيەسى نەزەرىيەسى .......................... مۇناجىدىن مۇنۇر (71)


## 2003- يىللىق 5- سان


ئامېرىكا چۈشى ۋە بىزنىڭ ياشلىرىمىز .......................... ئەسئەت سۇلايمان ئۇيغار (1)

مانا بۇ ئامېرىكا .......................... قەيسەر مىجىت (4)

سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ بۈگۈنى ھەققىدە .......................... ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق (16)

غېجەك___ ئوتتۇرا ئاسىيا چالغۇسى .......................... مۇرات تاشمۇھەممەدوۋ (ئۆزبېكىستان) (67)


## 2003- يىللىق 6- سان


ۋالق مېلك ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سېھرىي كۈچى .......................... ئەسئەت سۇلايمان ئۇيغار (1)

مېنىڭ يەنە بىر تىلىم .......................... ۋالق مېلك (7)

تۈركلەردىكى نومۇس قارىشى .......................... ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق (16)

تەلىم ئەدەپلىرى .......................... رىزائۇددىن ئېبىن فەخرۇددىن (24)


## 2004- يىللىق 1- سان


ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر- كەسىپ رىسالىلىرى .......................... سۇگا راۋاجۇن (ياپونىيە) (1)

تەلىم ئەدەپلىرى .......................... رىزائۇددىن ئېبىن فەخرۇددىن (8)

تەگرىنى ئىزدەپ .......................... غالىپ غوخابدۇللا (33)


## 2004- يىللىق 2- سان


ئالدانماڭلار .......................... نۇشىرۋان يائۇشېۋ (18)

سېھىرگەرلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى .......................... ئەنۋەر سەمەد (46)


## 2004- يىللىق 3- سان


ئۇيغۇر سېھىرگەرلىكىدە سېھىرگەرلەرنىڭ قىياپەتلىرى، سالاھىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى .......................... ئەنۋەر سەمەد قورغان (50)

ئۇيغۇر سېھىرگەرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى .......................... ئوسمان ئىسمايىل تارىم (69)

سەلەي چاققان ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى .......................... داۋۇت تۇرەخمەت (75)

كىروران ئېلىنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرى .......................... غالىپ بارات ئەرك (29)

«ھازىرقى زامان كىيىنىش ئادەتلىرىمىزدىكى بەزى نۇقسانلار»غا تولۇقلىما .......................... مۇھەممەد رېھىم ھاجى تۇرسۇن نەۋرۇزى (38)

مەدەنىيەت بوستانىدىكى تەشۋىشلىك ئويلار .......................... مۇھەممەد راخمان (57)

پەرزەنت تەربىيەسىدىكى 30 خىل ئۇسۇل ........................ تەييارلىغۇچى: ئەزىزى (40)
ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى بويىچە چەرچەن ۋە كېرىيە كىشى ئىسىملىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات ...... تۇرسۇن قۇربان تۈركەش (43)
تارىم ئېكولوگىيەلىك سىستېمىسىنى قوغداش بىلەن ئۇيغۇرلىق (مەدەنىيەت) ئەنئەنىسىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا ...... ھەدىيە مۇھەممەت (62)

**2004 ـ يىللىق 4 ـ سان**

ئانا ــ ئائىلە مۇرەببىي ........................ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن (1)
بىلىمسىزلىك نەگە ئاپىرىدۇ؟ ........................ نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى (40)
چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش توغرىسىدا قىسقىچە كۆرسەتمە ........................ قۇرقەت تەلئەت (44)
يادا ئەپسۇنى ھەققىدە ........................ خانىدا ئاكىرا (ياپونىيە) (67)

**2004 ـ يىللىق 5 ـ سان**

كوئىچى ئىكارى نېمە دەيدۇ؟ ........................ ئابدۇقادىر جالالىدىن (1)
مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى ........................ غالىپ غوجابدۇللا (19)
تۈركلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ پاكىستان مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ........................ سىما ناقۋى (پاكىستان) (68)

**2004 ـ يىللىق 6 ـ سان**

روھ يىلتىزىنى ئىزدەپ ........................ ئابلىز ئورخۇن (3)

**2005 ـ يىللىق 1 ـ سان**

ئائىلە مائارىپىمىزغا نەزەر ........................ ئابدۇۋەلى تۇرسۇن (1)
ئۇيغۇرلارنىڭ تىل پەرھىز ئادەتلىرى ........................ ئەنۋەر سەمەت قورغان (10)
ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت ........................ نۇشرىۋان يائۇشېف (روسىيە) (42)

**2005 ـ يىللىق 2 ـ سان**

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» دىرامىسى ........................ ئەركىن نىياز (55)
ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت ........................ نۇشرىۋان يائۇشېف (روسىيە) (3)
كېرىيە خەلقىنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ........................ مەتكېرەم ئىسمائىل (41)

**2005 ـ يىللىق 3 ـ سان**

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ئۇنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئۆزگىرىشى ........................ ھەسەنجان ئابلىز (1)
ئۇيغۇر تىلىدىكى «رەڭ» سۆزىنىڭ سېھىرگەرلىك ئۇقۇمى بىلەن باغلىنىشچانلىقى ........................ ئىمىنجان ئابدۇرېھىم (32)
ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت ........................ نۇشرىۋان يائۇشېف (روسىيە) (38)

**2005 ـ يىللىق 4 ـ سان**

ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت ........................ نۇشرىۋان يائۇشېف (روسىيە) (34)
مەشرەپ ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ........................ نىياز ئىمىن (5)
مورى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۆتكەن ئۈچ كۈن ........................ مۇختار تۇردى (52)
ئۆزگىلەردىن ئۆزىمىزگە نەزەر ........................ ئابدۇقادىر جالالىدىن (10)
«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ مەنبەسى ........................ ئوسمان ئىسمايىل تارىم (46)
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى ........................ ئابلىمىت مۇھەممەدى ئاقيولى (67)

(داۋامى بار)

**تۈزگۈچى: نۇرنىسا باقى**

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

ئالدى بىلەن سىزگە نورۇزلۇق سالام يوللايمىز! نورۇز بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! ئۆي ئىچىڭىز بەرىكەتلىك، ئىشلىرىڭىز نېمەتلىك، توپا ئالسىڭىز ئالتۇن، كۆل ئالسىڭىز كۈمۈش بولغاي! سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى 2010 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزگە، يېقىن ـ يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

# مەشرەپ كويى

## تۇمۇر داۋامەت

مەشرەپ دېسەم يىلىرايدۇ تېنىم،
مەشرەپ دېسەم ئۇرغۇيدۇ قېنىم.
مەشرەپ بىلەن ئۆستۈم چوڭ بولدۇم،
مەشرەپ كويى ھەمراھىم ـ جېنىم.

بولدى مەشرەپ چوڭ مەكتەپ ئوچاق،
تاۋلاپ گاگەرەك، بەردى دەرس ساۋاق.
ھەق ـ ناھەقنى تونۇتتى ئېنىق،
يېقىپ دىلغا ئەقىلدىن چىراق.

مەشرەپ چوڭ قامۇس گويا بىر كۆيان،
مەزمۇنى كەڭ، سىغمىدۇ جاھان.
گۈزەل ئەخلاق، ياخشى پەزىلەت ـ
مەشرەپنىڭ جېنى مەشرەپتە ئايان.

مەشرەپتە بار ئەلنىڭ ناۋاسى،
مەشرەپتە بار خەلقىم ساداسى.
مەشرەپتە بار شادلىق ـ خۇشاللىق،
مەشرەپتە بار دەردنىڭ داۋاسى.

مەشرەپتە بار ئاتىلار مېھرى،
مەشرەپتە بار ئانىلار چېھرى.
مەشرەپتە بار ۋاپا، كۆيۈنۈش،
مەشرەپتە بار ئىززەتنىڭ سېھرى.

مەشرەپتە بار تەنبىھ، نەسىھەت،
مەشرەپتە بار كېڭەش، مەسلىھەت.
مەشرەپتە بار ھاياتلىق يولى،
مەشرەپتە بار تەدبىر، پاراسەت.

مەشرەپتە بار ھىجران ۋە ۋىسال،
مەشرەپتە بار تاقەت ۋە ئامال.
مەشرەپتە بار غەيرەت ـ شىجائەت،
شىجائەتتىن نۇرلانغان جاھان.

مەشرەپتە بار سۇنماس ھەقىقەت،
مەشرەپتە بار پاك ـ ساپ مۇھەببەت.
مەشرەپتە بار ئادىللىق، چىنلىق،
مەشرەپتە بار چىدام، ساداقەت.

مەشرەپتە بار قىسسە، داستان،
مەشرەپتە بار باھادىر ئوغلان.
مەشرەپتە بار شېرىن خىياللار،
مەشرەپتە بار ئارزۇ ۋە ئارمان.

مەشرەپ تەۋەررۇك ئەجدادتىن مىراس،
سالغان مۇقامغا پۇختا ـ چىڭ ئاساس.
ئەسىر قەلبىدە ئەزىم دەريا ئۇ،
مەڭگۈ جۇشقۇنلار، ئۈزۈلۈپ قالماس.

شوخچا مەشرەپنى چىن دىلدىن سۆيدۈم،
مەشرەپ ئىشقىدا پەرھادەك كۆيدۈم.
مەشرەپ خەلقىمگە يۈز ئاچقان گۈلى،
چىقىپ خۇمارىدىن شادلىنىپ بولدۇم.

ئارمىنىم يوق، قەدىرلەپ ئەۋلاد،
مەشرەپ ئويناپ ئۆتسە مەڭگۈ شاد.
شېرىن مېۋىگە تەگكەندە ئېغىز،
باغۋەن ئەجرىنى ئەيلەپ تۇرسا ياد.



www.uyghurkitap.com




# 美拉斯
# MIRAS
# مىراس

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联大楼14层)电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001 定价:6.00元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040